مۇئەييەد ئابدۇلفەتتاھ ھەمدان

# ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ زىكىرلىرى

سۈتۈق بۇغراخان نەشرىياتى
2012 – يىل، ئىستانبۇل

تەرجىمە قىلغۇچى : مۆمىنجان سىدىق
تەرجىمە تەھرىرى : مۆمىنجان سىدىق
كوررېكتورى : مۆمىنجان سىدىق
بەتچىك: ئىبراھىم بۇغرا

ئالاقىلىشىش
Ördek Kasap Mah. Millet Cad Gülşen Apt
No:108 D: 5 Çapa - Fatih / İstanbul / Türkiye
Tel:0090-212-5232877
E- mail: info@maarip.org www. istiqlaltv.com

# مۇندەرىجە


**مۇقەددىمە...................................................7**
**بۇ كىتاپ چىن قەلبىڭىزدىن ئورۇن ئالغۇسى......19**
**اللهنى مەھىيىلەش ئۈچۈن ئىيتىلىدىغان**
**زىكىرلەر...................................................23**
**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!قىنە ئەمسە الله تائالانى**
**مەدھىلەشكە ھازىرلانغىن!............................24**
**الله نى مەدھىلەش ئۈچۈن ئىيتىلىدىغان زىكىرلەر.27**
ئەسلىگىن......................................................55
**پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد**
**ئىيتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر...............59**
**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!پەيغەمبەر سەللاللاھۇ**
**ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئىيتىشقا**
**ھازىرلانغىن!..........................................60**
**پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد**
**ئىيتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر...............63**
ئەسلىگىن......................................................69
**ئىستىغپار ئىيتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر...73**

**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى! پەرۋەردىگارىڭغا ئىستىغپار ئېيتىشقا ھازىرلانغىن!.................74**
**ئىستىغپار ئېيتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر...77**
ئەسلىگىن.............................................101
**تىلەك تىلەش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.....................................................105**
**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى! تىلەكلىرىڭنى الله تائالادىن تىلەشكە ھازىرلانغىن!....................106**
**تىلەك تىلەش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.....................................................109**
ئەسلىگىن.............................................154
**پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.....................................................157**
**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى! يەككە-يىگانە الله تىنلا پاناھلىق تىلەشكە ھازىرلانغىن!.....................158**
**پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.....................................................160**
ئەسلىگىن.............................................179
**دەم سىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان شەرئى زىكىر ۋە دۇئالار.....................................................183**

**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى! دەم سىلىنىدىغان شەرئى زىكىر ۋە دۇئالارغا ھازىرلانغىن! ئۇ شۇنداق زىكىر ۋە دۇئالاركى، يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ ۋە ئۇنى قايتۇرىدۇ.............................................186**
**دەم سىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان شەرئى زىكىر ۋە دۇئالار..................................................187**
ئەسلىگىن............................................200
**باشقا بىرەر كۆلپەت چۈشكەندە ياكى غەم باسقاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار........................205**
**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى! بېشىڭغا چۈشكەن كۆلپەتنى دۇئا بىلەن كۆتۈرۈۋېتىشكە ھازىرلانغىن!...............................................206**
**باشقا بىرەر كۆلپەت چۈشكەندە ياكى غەم باسقاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار........................207**
ئەسلىگىن..............................................216
**ئەتىگەن – ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار..................................................223**
**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى! ئەتىگەن – ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارغا ھازىرلانغىن!.....225**

**ئەتىگەن – ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.............................................227**
ئەسلىگىن.................................................250

## بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر. رەھمەت، مەغپىرەت، دۇرۇد ۋە سالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا، ساھابىلىرىگە، شۇنداقلا، قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن!

بۇ كىتابنى ھازىرلاشتىكى سەۋەب مۇنداق بىرقانچە مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىنىشىگە ئۆزلۈكسىز ئەمەل قىلىدىغانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قولاي بولسۇن ئۈچۈن ھەم سەھىھ ھەم مەزمۇنى مول زىكىر ۋە دۇئالارنى ئۇنىڭ مەنىلىرىگە قارىتا بۆلۈملەرگە بۆلۈپ، بىر كىتابتا جەملەشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا نېمە ئۈچۈن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا دۇئا قىلغانلىقىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ، دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇنلاردا ناھايىتى ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. مەسىلەن، ئەرافاتتا كۈن قايرىلغاندىن باشلاپ، كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر دۇئا قىلاتتى. بەزى ۋاقىتتىكى دۇئالىرى

سۈرە بەقەرەنى ئوقۇغانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئالاتتى. اللە تائالا ئۇ زىكىر ۋە دۇئالارنى ئۆزى قوغدايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايەت قىلىنماستىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ئۇ باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە ئەمر قىلىنغان سۈننەتلەردىندۇر.

ئۈچىنچى، ئۆلىمالىرىمىز خۇسۇسىي ۋاقىتلىرىدا روھىي ئوزۇق ئالغان، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار اللە تائالاغا ھەممىشە يىغلاپ يالۋۇرغان، مۇكاپاتىغا ئىنتىلىپ، جازاسىدىن قورققان ھالدا مۇناجات قىلغان زىكىر ۋە دۇئالارنى تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا، شۇنداقلا، تالىب ئىلىملەرگە ھەم توغرا ھەم سەھىھ شەكىلدە سۇنۇشتىن ئىبارەت.

تۆ تىنىتچى ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگار اللە تائالاغا دۇئا قىلىۋاتقان چېغىدا ھۇزۇرى قەلب بىلەن دۇئا قىلىشىغا پايدىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ زىكىر ۋە دۇئالارنى رەتلەپ چىقىشتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئا تەرتىبىگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن ھەمدۇسانا بۆلۈمىنى، ئاندىن دۇرۇد بۆلۈمىنى، ئاندىن ئىستىغپار بۆلۈمىنى تىزدۇق. ھەر بۆلۈمنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۈنىڭغا بولغان ئىشتىياقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!... ھازىرلانغىن!» دېگەن شەكىلدە كىرىش سۆز ھازىرلىدۇق. بۇ كىرىش سۆزنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەن

اللەنىڭ ئىزنى بىلەن پۈتۈن زېھنىنى تۆۋەندە كېلىدىغان كاتتا كەلىمىلەرگە توپلاپ، چىن قەلبىدىن چىقىرىپ ئوقۇيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوقۇرمەنىنىڭ بۇ بۆلۈمدە قانداق ئۇلۇغ كەلىمىلەرنى ئوقۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن، ھەربىر بۆلۈمنى «ئەسلىگىن...» دېگەن خاتىمە بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇق. بۇ ئەسلىمە ئۇنىڭ قەلبىنى ئاشۇ خاسىيەتلىك زىكىر ۋە دۇئالارغا يەنە بىر قېتىم قايتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇپ قانمايدىغان، ئوقۇغانسېرى يەنە ئوقۇغۇسى كېلىدىغان ھالغا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان بۆلۈمگە بولغان ئىشتىياقى ئاشىدۇ. روھى ساپلىشىپ، پەرۋەردىگارى تەرەپكە بالداقمۇبالداق ئۆرلەيدۇ.

بۇ كىتابتا يەنە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1 – بۇ كىتابتا بېرىلگەن زىكىر ۋە دۇئالار ئېلىنغان مەنبەلەر، شۇنداقلا، ئۆلىمالارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھالىرى ئىزاھاتتا بېرىلدى.

2 – ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە مەنسۇب ھەربىر كىشى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەرگىز ئايرىلالمايدىغان، ھەر كۈنى تەكرارلايدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ سەھىھ رىۋايەتلەر بىلەن نەقىل قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساس قىلىندى. بۇ زىكىر ۋە دۇئالار ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەنىۋىيىتى، روھىي ئوزۇقى ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ زىكىر ۋە دۇئالارنى ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت

بىرىشى، بولۇپمۇ، ئۆمرە ۋە ھەج قىلغاندا كەبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ، سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋېتىپ ۋە سەئيى قىلىۋېتىپ، مۇزدەلىفىدە بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن چىققىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرغاندا، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەيتان تېشىغا تاش ئاتقاندىن كېيىن، تەشرىق كۈنلىرى (يەنى مىنادا تۇرغان كۈنلەردە)، زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى قاتارلىق ئورۇن ۋە ۋاقىتلاردا كۆپ ئوقۇشى كېرەك.

شۇنىڭدەك، رامىزان ئېيىدا ئىپتاردىن بۇرۇن، ئاخىرقى ئون كۈننىڭ ۋىتىر نامىزىدا؛ كېچىلىرى، بولۇپمۇ كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئىبادەت قىلغاندا؛ جۈمە كۈنلىرى،

بولۇپمۇ نامازشامدىن بۇرۇن؛ ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا؛ سەپەرگە چىققاندا بۇ زىكىر ۋە دۇئالارنى كۆپ ئوقۇش كېرەك.

3 – ئەگەر بىراۋ كېچىنىڭ ياكى كۈندۈزنىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا ۋەياكى نامازدىن كېيىن بۇ زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان بولسا، بىرەر سەۋەب تۈپەيلى ئۇنى ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، پۇرسەت تاپقاندا ئوقۇۋېلىشى، سەل قارىماسلىقى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىككە تىرىشىشى كېرەك. چۈنكى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ كۆنۈپ قالسا، كېيىنچە سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

4 – ئوقۇرمەن شۇنىمۇ بىلىشى كېرەككى، بۇ زىكىر ۋە دۇئالار ھەم

خاسسيەتلىك ھەم مۇبارەك بولۇپ، دۇنيادىكى ئالتۇن – كۈمۈش ۋە بارلىق مال – دۇنيادىن قىممەت ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر بىرى شۇنداق قاپىيەلىك، شۇنداق چىرايلىق دۇئا قىلالىغان تەقدىردىمۇ، بۇ زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ قىلىغا تەڭ كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ زىكىر ۋە دۇئالار ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالانىڭ سۆزىدۇر، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدۇر. بۇ زىكىر ۋە دۇئالارغا ئەھمىيەت بەرگەن كىشى سەكراتقا چۈشكەندە، شۇنداقلا، قەبرىگە كىرگەندە ئۆزىنىڭ قانچىلىك كۆپ ياخشىلىققا ئىگە بولغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ كىتابتىكى زىكىر

ۋە دۇئالار مەنىلىرىگە قاراپ بۆلۈملەرگە بۆلۈنگەچكە، ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئۆزىگە مۇناسىپ بۆلۈمنى تاللاپ ئوقۇيالايدۇ. مەسىلەن، گۇناھىغا ئىستىغپار تىلىمەكچى بولغان كىشى ئىستىغپار بۆلۈمىنى، كۆز تېگىشنى قايتۇرماقچى بولغان كىشى شەرئى دەم سېلىش بۆلۈمىنى ئوقۇيدۇ.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى ھازىرلاشتا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ھەسسە قوشقان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلارنى ﷲنىڭ ئەڭ ياخشى مۇكاپات بىلەن مۇكاپاتلىشىنى تىلەيمەن. شۇنداقلا، ﷲ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، بۇ ئەمىلىمنى قوبۇل قىلىشىنى، ئۇنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشىنى، كەمچىلىكلىرىمنى،

ئاجىزلىقىمنى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئىشلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىنى، ئۆز پەزلى – كەرەمى بىلەن ئەيىبلىرىمنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يېپىشىنى، ئۆزى بىلەن ئۇچراشقان كۈنۈمنى ئەڭ بەختلىك كۈن قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن، ئامىن!

مۇئەييەد ئابدۇلفەتتاھ ھەمدان

2007 – يىل، كۇۋەيت

## بۇ كىتاب چىن قەلبىڭىزدىن ئورۇن ئالغۇسى!

ﷲ تائالا قولۇڭىزدىكى بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا مەنىلىك كەلىمىلەرنى مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كىشى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى قىلغان بولۇپ، ئۇ كەلىمىلەر كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا ۋە روھىغا يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ، تىللارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمانلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ، ﷲ تائالا ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىدۇ...

ـ كىمكى ئۇ كەلىمىلەر بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتسا، ﷲ ئۇنى ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىدۇ.

ــ كىمكى ئۆكەلىملەر بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئېيتسا، اللّٰه ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ.

ــ كىمكى ئۆكەلىملەر بىلەن مەغپىرەت تىلىسە، اللّٰه ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ.

ــ كىمكى ئۆكەلىملەرنى شېپى كەلتۈرۈپ اللّٰەتىن نەرسە تىلىسە، اللّٰه ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ.

ــ كىمكى ئۆكەلىملەر بىلەن پاناھلىق تىلىسە، اللّٰه ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىدۇ.

ــ كىمكى ئۆكەلىملەر بىلەن دەم سالسا، اللّٰه ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىدۇ.

ــ كىمكى بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە ئۆكەلىملەر بىلەن اللّٰەتىن ياردەم تىلىسە، اللّٰه ئۇنىڭ پەريادىغا يېتىدۇ.

ـ كىمكى ئەتىگەن – ئاخشامدا ئۇ كەلىمىلەر بىلەن زىكىر ئېيتىشنى ئۆزگە ئۆزلەشتۈرسە، اللە ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ (يەنى ھەر تۈرلۈك بالا - قازالاردىن ساقلايدۇ)[1].

ـ بۇلاردىنمۇ كاتتىسى شۇكى، ئۇ كىشى اللەنىڭ بۈيۈك رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ.

قېنى ئەمىسە، بۇ كىتابتىكى زىكىر ۋە دۇئالارنى روھىڭىز بىلەن يۇغۇرۇڭ، تىلىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈڭ. بۇ كىتابنى ئالغىنىڭىزغا ئېلىپ، خۇددى

(1) ئەتىگەن – ئاخشاملىق دۇئا ۋە زىكىرلەر مۇئەييەن ۋاقىتلاردىلا ئوقۇلىدۇ. ئۇنى بۇ كىتابتا پەقەت باشقا دۇئا ۋە زىكىرلەرنىڭ قاتارىدا بايان قىلدىم. چۈنكى ئۇمۇ بۇ زىكىرلەرنى ئوقۇيدىغان كىشى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئوقۇيدىغان زىكىرلەردۇر. ئەمما بۇ كىتابتىكى زىكىرلەرنى تاۋاپتا ئوقۇغان كىشى پەقەت ئالدىنقى يەتتە تۈرلۈك زىكىرلەرنى ئوقۇيدۇ، ئاخىرقى ئەتىگەن – ئاخشاملىق زىكىرلەرنى ئوقۇمايدۇ. ئوقۇرمەنىنىڭ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالقىنىڭىزنى ئادەتتە دۇئا ۋە زىكىرلەر بىلەن رەببىڭىزگە ئاچقىنىڭىزدەك ئېچىڭ. بۇ كاتتا كەلىمىلەرنى شېپى كەلتۈرۈپ، اللە تائالاغا دەردىڭىزنى ئېيتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن قەلبىڭىزنى شادلاندۇرۇڭ!

بۇ كىتابتىكى خاسىيەتلىك دۇئا ۋە زىكىرلەر «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ زىكىرلىرى» بولۇپ، ئۇنى جىسمانىي كۆزۈمىز ئەمەس، دىلىمىزنىڭ كۆزى كۆرۈپ ئوقۇسۇن، تىلىمىزدىن بۇرۇن قەلبىمىز تەكرارلىسۇن! شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، ھەربىر دۇئا ئۈچۈن اللە تائالانىڭ ئىجابەت قىلىش ۋەدىسى ۋە ئۆز دەرگاھىدا تەييارلىغان كاتتا مۇكاپاتتىن ئىبارەت ۋەدىسى بار.

# اللهنى مەھىيلەش ئۈچۈن
# ئېيتىلىدىغان زىكىرلەر

## ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!

## قېنى ئەمسە، الله تائالانى مەدھىيەلەشكە ھازىرلانغىن!

تۆۋەندە ساڭا ناھايىتى كاتتا مەدھىيىلەرنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان كەلىمىلەر ئۇچرايدۇ... سەن بۇ گۈزەل مەدھىيەلەر دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغان زاتنىڭ ئالدىدا ھۇزۇرى قەلب بىلەن تۇرىسەن. كىممۇ اللهنى الله ئۆزىنى مەدھىيىلىگەندەك چىرايلىق رەۋىشتە مەدھىيىلىيەلىسۇن؟ اللهنى مەدھىيىلەيدىغان ئەڭ ياخشى كەلىمىلەرنى بەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە اللهنىڭ مۇقەررەب (اللهقا يېقىن) پەرىشتىلىرىدىن باشقا كىممۇ بىلەلەيدۇ؟!

قىنىــى ئەمســە، اللە تائالانىــڭ ئــۆز ئۆزىگە ئىيتقــان مەدھىيەلىرى، پەيغەمبەر ســەللاللاھــۇ ئــەلــەيھى ۋەســەللــەمنىڭ مەدھىيەلىرى، مۇقەررەب پەرىشــتىلەرنىڭ مــەدھــىيەلــــرى بىــلــەن تــىــلــىڭــنــى ھەرىكەتلەندۈرگىنىڭــى، ئۇنىڭ تەســىرىدە تېرىلىرىڭ يۇمشــاپ تىترىســۇن، كۆزلىرىڭ تاراملاپ ياش تۆكسۇن، قەلبىڭ ساپلانسۇن ۋە يۇكسەلســۇن! بولۇپمــۇ، ســەن اللەنى ئــۇلۇغلاش مېھرابىدا ســەجدىلىك ھالەتتە ئــۇ مەدھىيەلەرنــى ئوقۇۋاتقــان چېغىڭدا شۇنداق بولسۇن!...

* * *

# اللّٰه نى مەھىيلەش ئۇچۇن ئىيتىلىدىغان زىكىرلەر

* ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ﴾جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰهقا خاستۇر. اللّٰه ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر﴾[1].

* ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَجَعَلَ الظُّلُمَاتِ وَالنُّورَ﴾جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان اللّٰهقا خاستۇر!﴾[2]

---

(1) سۈرە فاتىھە، 2 – ئايەتتىن 4 – ئايەتكىچە.
(2) سۈرە ئەنئام، 1 – ئايەت.

* ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِيَ لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللَّهُ﴾ ﴿جىمى ھەمدۇسانا بىزنى بۇ (نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا) يېتەكلىگەن اللهقا بولسۇنكى، الله بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق﴾[1].

* ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ فَاطِرِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ جَاعِلِ الْمَلَائِكَةِ رُسُلًا أُولِي أَجْنِحَةٍ مَثْنَى وَثُلَاثَ وَرُبَاعَ يَزِيدُ فِي الْخَلْقِ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى اللهقا خاستۇر! الله يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، الله

(1) سۈرە ئەئراف، 43 – ئايەت.

ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

* ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَنْـزَلَ عَلَى عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَلْ لَهُ عِوَجًا﴾ ﴿جىمى ھەمدۇسانا اللهقا خاستۇركى، بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى﴾[2].

* ﴿هُـوَ اللَّهُ الَّـذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُـوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّـهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّـلَامُ الْمُؤْمِـنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّـارُ الْمُتَكَبِّرُ سُـبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْـرِكُونَ هُوَ اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْـمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّـمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ ﴿اللهتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر،

---

(1) سۈرە فاتىر، 1 – ئايەت.
(2) سۈرە كەھف، 1 – ئايەت.

ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر). اللّٰەتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. اللّٰە (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە

زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئــۇ غالىبتۇر، ھېكمــەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

* ﴿اَلْحَمْــدُ لِلَّــهِ الَّــذِي لَهُ مَا فِي السَّــمَاوَاتِ وَمَــا فِي الْأَرْضِ وَلَهُ الْحَمْدُ فِي الْآخِــرَةِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيــرُ﴾ ﴿جىمى ھەمدۇسانا اللّٰهقا خاستۇر، ئاســمانلاردىكى ۋە زېمىندىكــى ھەممــە نەرســە اللّٰهنىڭ مۈلكــدۇر، ئاخىرەتتىكى ھەمدۇســانامۇ اللّٰهقا خاستۇر، اللّٰه ھېكمەت بىلــەن ئــش قىلغۇچــدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[2].

* ﴿اَلْحَمْــدُ لِلَّهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِــذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُنْ لَهُ شَــرِيكٌ فِــي الْمُلْكِ وَلَــمْ يَكُنْ لَهُ وَلِــيٌّ مِنَ الذُّلِّ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيرًا﴾ ﴿جىمى ھەمدۇســانا بالىســى بولۇشــتىــن پاك بولغــان، ســەلتەنىتــدە

---

(1) سۈرە ھەشر، 22 – ئايەتتىن 24 – ئايەتكىچە.
(2) سۈرە سەبەئ، 1 – ئايەت.

شــېرىكى بولمىغان، خارلىقتىــن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگــە موھتاج بولمىغان) اﷲقا خاســتۇر! اﷲنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن﴾[1].

**1 – «اللَّهُــمَّ لَــكَ الْحَمْدُ أَنْتَ نُورُ السَّــمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ قَيِّمُ السَّــمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ مَلِكُ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ الْحَقُّ، وَوَعْدُكَ الْحَــقُّ، وَقَوْلُكَ حَقٌّ، وَلِقَاؤُكَ حَقٌّ، وَالْجَنَّةُ حَقٌّ، وَالنَّارُ حَقٌّ، وَالسَّــاعَةُ حَقٌّ، وَالنَّبِيُّونَ حَقٌّ، وَمُحَمَّدٌ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَقٌّ، اللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، وَبِــكَ آمَنْتُ، وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ، وَبِــكَ خَاصَمْتُ، وَإِلَيْكَ حَاكَمْــتُ، أَنْتَ رَبُّنَــا وَإِلَيْكَ الْمَصِيــرُ، فَاغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَمَا أَسْــرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَــمُ بِهِ مِنِّي، أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، أَنْتَ إِلَهِي، لَا إِلَــهَ إِلَّا أَنْــتَ، وَلَا حَوْلَ وَلَا قُــوَّةَ إِلَّا بِكَ».** «ئى

(1) سۈرە ئىسرا، 111 – ئايەت.

اﷲ! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ نۇرىدۇرسەن. ئى اﷲ! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلغۇچىسەن. ئى اﷲ! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەن بولساڭ ئاسمان، زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى بارلىق نەرسىنىڭ پادىشاھىدۇرسەن. ئى اﷲ! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەن ھەقتۇرسەن، سېنىڭ ۋەدىلىرىڭ ھەقتۇر، سۆزلىرىڭ ھەقتۇر، سەن بىلەن ئۇچرىشىش ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر، قىيامەت ھەقتۇر، بارلىق پەيغەمبەرلەر ھەقتۇر، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقتۇر. ئى اﷲ! ساڭا بويسۇندۇم،

ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، ساڭا ئىشەندىم. ساڭىلا قايتتىم. سەن ماڭا بەرگەن دەلىل ـ پاكىتقا تايىنىپ تۇرۇپ ھەقنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن مۇجادىلە قىلدىم. ئارىمىزدا سېنى ھۆكۈمران قىلدىم. سەن پەرۋەردىگارىمىزسەن. ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. ئىلگىرى ـ كېيىن ۋە يوشۇرۇن ـ ئاشكارا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. چۈنكى سەن گۇناھلىرىمنى مەندىن ياخشى بىلىسەن. سەن خالىغان كىشىنى تائىتىڭگە مۇۋەپپەق قىلىسەن، خالىغان كىشىنى تائىتىڭدىن مەھرۇم قىلىسەن. سەن مېنىڭ ئىلاھىمسەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، بارلىق كۈچ – قۇۋۋەت ساڭىلا خاستۇر»[1].

(1) سەھىھ بۇخارى، 6950 – ھەدىس. ئەلبانىنىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 94 – بەتكە قاراڭ.

2 – «اللَّهُــمَّ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ، مِلْءَ السَّــمَاوَاتِ وَمِلْءَ الْأَرْضِ وَمِلْءَ مَا بَيْنَهُمَا وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ، أَهْلَ الثَّنَاءِ وَالْمَجْدِ، أَحَقُّ مَا قَالَ الْعَبْدُ، وَكُلُّنَا لَكَ عَبْدٌ، لَا مَانِعَ لِمَــا أَعْطَيْتَ، وَلَا مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلَا يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْــكَ الْجَدُّ». «پەرۋەردىگارىمىز ئى الله! ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىســـنى تولدۇرۇۋەتكۈدەك، ئۇندىن باشقا يەنە ســەن خالىغان ھەرقانداق نەرســـنى تولدۇرۇۋەتكــۈدەك ھەمدۇســانالار ســاڭا خاستۇر! سەن بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەرگە، ئەڭ كاتتا ئۇلۇغلۇققا لايىقسەن. ھەممىمىز ســېنىڭ بەندىلىرىڭمىــز. بەندەڭنىڭ: ئى الله! ســەن بەرگــەن نەرســگە ھېچكىم توســقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ســەن بەرمىگەن نەرســـنى ھېچكـــم بېرەلمەيـــدۇ، (دۇنيادىكى) شان - شەرەپ ھېچ نەرسگە

ئەسقاتمايدۇ. بارلىق شان - شەرەپ پەقەت ساڭىلا خاستۇر، دېگەن سۆزلىرى ئەڭ توغرىدۇر»[1].

**3 – «اللهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كُلُّهُ، وَإِلَيْكَ يَرْجِعُ الْأَمْرُ كُلُّهُ».** «ئى الله! جىمى ھەمدۇسانالارنىڭ ھەممىسى ساڭا خاستۇر. بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساڭىلا قايتىدۇ»[2].

(1) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 847 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

(2) بەيھەقى «شۆئەبۇلئىمان» ناملىق كىتابىدا (4399 - ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا (1576 - ھەدىس): سەھىھ، - دېگەن. بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ماڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويغىنكى، الله ئۇ دۇئانى ماڭا پايدىلىق قىلار! دېگەن چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئاشۇ دۇئانى ئۆگىتىپ قويغان.

**4 – «الْحَمْدُ لِلَّهِ، حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ، كَمَا يُحِبُّ رَبُّنَا وَيَرْضَى».** «پەرۋەردىگارىمىز الله ئۆزى ياقتۇرىدىغان ۋە ئۆزى مەمنۇن بولىدىغان، بەرىكەت ئۈستىگە بەرىكەت قوشىدىغان، نۇرغۇنلىغان پاك، مۇبارەك ھەمدىلەر ئۇنىڭغا خاستۇر!»[1]

(1) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 845 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ مەدھىيە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئون پەرىشتە ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ ساۋابىنى) يېزىشقا ئالدىراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى يېزىشقا ھېرىس ئىدى. ئۇلار ئۇنى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي قالدى».

5 –«الحمــد لله كثيــرا، اللَّــهُ أَكْبَــرُ كَبِيرًا».
«الله ناهايىتــى بۈيۈكتۇر، اللهقــا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسۇن!»[1]
6 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْــأَلُكَ بِأَنِّي أَشْــهَدُ أَنَّكَ أَنْتَ اللَّهُ الَّذِي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، الأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ، وَلَمْ يُولَدْ، وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ».«ئى الله! مەن ســېنىڭ ھەقىقىي ئىــلاھ ئىكەنلىكىڭگە، سەندىن باشــقا ھېچ مەبۇدنىڭ (بەرھەق) يوقلۇقىغــا، ســېنىڭ يەككــە ـ يېگانــە ئىكەنلىكىڭگە، ھەممىنىڭ ساڭىلا موھتاج ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىڭگە ۋە ھېچ كىشىنىڭ ساڭا تەڭداش بولالمايدىغانلىقىغا

(1) ئىبنى ئەبۇ شەيبە «ئەلمۇسەننەف» ناملىق كىتابى، 7 – جىلد، 168 – بەتتە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىــق كىتابىــدا (1578 ـ ھەدىــس): ســەھىھ، ـ دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا يەنە: «الله تائالا پەرىشتىگە: ئۇ بەندەم ئۇچۇن رەھمىتىمنى ناھايىتى كۆپ يازغىن، ـ دەيدۇ» دېيىلگەن.

ھەقىقىــي گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىمنى شــېپى كەلتۈرۈپ (ھاجىتىمنى) تىلەيمەن»[1].

7 – «اللَّهُــمَّ إِنِّي أَسْــأَلُكَ بِــأَنَّ لَكَ الْحَمْــدَ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْــتَ، الْمَنَّــانُ، يَــا بَدِيــعَ السَّــمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، يَا ذَا الْجَــلَالِ وَالْإِكْرَامِ، يَا حَيُّ يَــا قَيُّومُ». «ئى ﷲ! جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن سېخىيسەن. ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچــى، ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك، ھەمىشــە تىرىك، بارلىق ئىشــلارنى باشقۇرغۇچى ئى ﷲ! مەن سەندىن ھاجىتىمنى مۇشــۇ مەدھىيەلەرنى شــېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ تىلەيمەن»[2].

---

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3475 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىســنىڭ داۋامىدا يەنە: «بۇ دۇئانى قىلغان كىشى ئىســمى ئەئزەم (يەنى ﷲنىڭ كاتتا ئىســمى)نى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى» دېيىلگەن.

(2) سۈنەنى نەسائى، 1300 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىســنىڭ داۋامىدا يەنە: «ئۇ كىشى ئىسمى ئەئزەم (يەنى ﷲنىڭ كاتتا ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى» دېيىلگەن.

**8 – «اللَّهُــمَّ إِنِّي أُشْــهِدُكَ، وَأُشْــهِدُ مَلاَئِكَتَكَ وَحَمَلَةَ عَرْشِــكَ، وَأُشْــهِدُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الأَرْضِ، أَنَّكَ أَنْتَ اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ».** «ئى اللّٰه! مەن سېنى، پەرىشــتىلىرىڭنى، ئەرشىڭنى كۆتــۈرۈپ تۇرغۇچـــى پەرىشــتىلىرىڭنى، ئاســمانلاردىكى ۋە زېمىندىكــى بارلــىق مەخلۇقاتلىرىڭنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ســەن ھەقىقەتەن ئىلاھسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر. ســـەن يېگانىسەن، ھېچ شېرىكىڭ يوق. مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سېنىــڭ بەندەڭ ۋە

ئەلچىلىك ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[1].

**9 – «لاَ إِلَــهَ إلاَّ اللَّــهُ وَحْدَهُ لاَ شَــرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَــيْءٍ قَدِيرٌ، سُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْــدُ للَّــهِ، وَلاَ إِلَهَ إلاَّ اللَّــهُ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ، وَلاَ حَــوْلَ وَلاَ قُــوَّةَ إلاَّ بِاللَّهِ الْعَلِــيِّ الْعَظِيمِ».** «يېگانە اللهتىن باشــقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ئەسلا شــېرىكى يوقتۇر. پادىشاھلىق اللهقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللهقا خاستۇر، الله ھەر نەرســىگە قادىردۇر. اللهنى (بارلىق نۇقســانلاردىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنى ھەمىشە مەدھىيىلەيمەن. اللهتىن

(1) مۇســتەدرەكى ھاكىــم، 1920 – ھەدىــس. ئەلبانىــي (267 – ھەدىــس): ســەھىھ، ـ دېگەن. بۇ ھەدىســنىڭ داۋامىدا يەنە: «كىمكى بىر قېتىم مۇشــۇنداق دېسە، الله ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى دوزاختىن ئازات قىلىدۇ. كىمكى ئىككى قېتىم دېسە، الله ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىســمىنى دوزاختىن ئازات قىلىدۇ. كىمكى ئۈچ قېتىم دېســە، الله ئۇنــى پۈتۈنلەي دوزاختىن ئــازات قىلىدۇ» دېيىلگەن. بــۇ رىۋايەت مۇتلــەق بولۇپ، ئەتىگەن – ئاخشــاملىق زىكىرلەرگە خاس ئەمەس.

باشــقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتــۇر، الله ناھايىتى بۈيۈكتۇر. اللهنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشقا كۈچ – قۇۋۇەتىمــز يەتمەيدۇ. الله ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى كاتتىدۇر»[1].

**10 – «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، اللَّهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ كَثِيرًا، سُبْحَانَ اللَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّــهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ الْعَزِيزِ الْحَكِيمِ».**

«يېگانە اللهتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ئەسلا شــېرىكى يوقتۇر. الله ناھايىتى بۈيۈكتۇر. اللهنى ھەمىشە ۋە ناھايىتــى كـۆپ مەدھىيىلەيمەن. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهنــى (بارلىق نۇقســانلاردىن) پــاك دەپ ئېتىقــاد قىلىمــەن. اللهنــىڭ ياردىمىســىز ھېچبىر ئىشقا كۈچ – قۇۋۇەتىمىز يەتمەيدۇ. الله ناھايىتــى چــوڭ ۋە ناھايىتــى كاتتىــدۇر،

(1) ســۈنەنى ئىبنى ماجــە، 3878 – ھەدىــس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1].

11 – «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّـهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْـدَهُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ لاَ شَـرِيكَ لَهُ، لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللَّهُ لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْـدُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ». «ﷲتىن باشـقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى بۈيۈكتۇر. يېگانە ﷲتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ﷲتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ئەسلا شېرىكى يوقتۇر. ﷲتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، پادىشاھلىق ﷲقا مەنسۇپتۇر، جىمى ھەمدۇسانا ﷲقا خاستۇر. ﷲتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ﷲنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشقا كۈچ – قۇۋۋەتىمىز يەتمەيدۇ»[2].

(1) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 946 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، ـ دېگەن.
(2) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 851 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، ـ دېگەن. بۇ ھەدىستە يەنە: «ﷲ تائالا: بەندەم راست ئېيتتى... دەيدۇ» دېيىلگەن.

12 – «لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ، أَعَزَّ جُنْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْـدَهُ، وَغَلَبَ الأَحْـزَابَ وَحْدَهُ، فَلاَ شَـيْءَ بَعْدَه».

«يېگانه اللهتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئـۇ ئۆزىنىـڭ قوشـۇنىنى غالىـب قىلدى، بەندىسـىگە ياردەم بەردى، ئىتتىپاقداش قوشـۇننى ئـۆزى يالغۇز يەڭـدى. اللهتىن باشقا ھېچقانداق نەرسـە مەڭگۈ مەۋجۇد ئەمەس»[1].

13 – «سُـبْحَانَ اللَّه عَدَدَ مَا خلقَ فِي السَّمَاءِ، وَسُـبْحَانَ اللَّه عَدَدَ مَا خلقَ فِي الأَرْض، وَسُبْحَانَ اللّٰه عَدَدَ مَا بَيْنَ ذَلِك، وَسُبْحَانَ اللَّه عَدَدَ مَا هُوَ خالِقٌ.

اللَّهُ أَكْبَرُ عَدَدَ مَا خَلق فِي السَّـمَاءِ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ عَـدَدَ مَا خَلَقَ فِـي الأَرْض، وَاللَّهُ أَكْبَرُ عَـدَدَ مَا بَيْنَ ذَلِكَ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ عَدَدَ مَا هُوَ خَالِقٌ.

الْحَمْـدُ لِلَّهِ عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي السَّـمَاءِ، وَالْحَمْدُ

(1) سەھىھ بۇخارى، 3888 – ھەدىس.

لِلَّه عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي الأَرْضِ، وَالْحَمْدُ لِلَّه عَدَدَ مَا بَيْنَ ذَلِكَ، وَالْحَمْدُ لِلَّه عَدَدَ مَا هُوَ خَالِقٌ.

لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي السَّمَاءِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّــهُ عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي الأَرْضِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ عَدَدَ مَا بَيْنَ ذَلِكَ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ عَدَدَ مَا هُوَ خَالِقٌ.

لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّه عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي السَّمَاءِ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُــوَّةَ إِلاَّ بِاللَّه عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي الأَرْضِ، وَلاَ حَــوْلَ وَلاَ قُــوَّةَ إِلاَّ بِاللَّه عَدَدَ مَا بَيْــنَ ذَلِكَ، وَلاَ حَــوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّه عَدَدَ مَا هُوَ خَالِقٌ». «ﷲقــا ئاســماندا ياراتقـــان مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ تەســبىھ ئېيتىمەن (يەنى: ئاشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ سانىدەك كۆپ قېتىم "ســۇبھانالالاھ (ﷲ پاكتــۇر)" بولســـۇن، - دەيمـــەن). ﷲقـــا زېمىنــدا ياراتقـــان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ســانىدەك كۆپ تەســبىھ ئېيتىمـــەن. ﷲقـــا ئاســمان ۋە زېمىننىڭ

ئارسىدا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن. اللهقا ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىنىڭ سانىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن.

اللهقا ئاسماندا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ تەكبىر ئېيتىمەن (يەنى: ئاشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ سانىدەك كۆپ قېتىم ”الله ئەكبەر (الله ئەڭ بۈيۈكتۇر)“ بولسۇن، - دەيمەن). اللهقا زېمىندا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ تەكبىر ئېيتىمەن، اللهقا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىسىدا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ تەكبىر ئېيتىمەن. اللهقا ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىنىڭ سانىدەك كۆپ تەكبىر ئېيتىمەن.

اللهقا ئاسماندا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ

ساندەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن (يەنى: ئاشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ساندەك كۆپ قېتىم ھەمدۇسانالار ﷲقا بولسۇن). ﷲقا زېمىندا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىسىدا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىنىڭ ساندەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن.

ﷲقا ئاسماندا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك كۆپ تەھلىل ئېيتىمەن (يەنى: ئاشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ساندەك كۆپ قېتىم "لا ئىلاھە ئىللاللاھ (ﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر)" بولسۇن، - دەيمەن). ﷲقا زېمىندا ياراتقان

مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك كۆپ تەھلىل ئېيتىمەن. ئاللاھقا ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىسىدا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك كۆپ تەھلىل ئېيتىمەن. ئاللاھقا ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىنىڭ ساندەك كۆپ تەھلىل ئېيتىمەن.

ئاللاھنى ئاسماندا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك كۆپ ئۇلۇغلايمەن (يەنى: ئاشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ساندەك كۆپ قېتىم "لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر ئىشقا كۈچ – قۇۋۋىتىمىز يەتمەيدۇ)" بولسۇن، - دەيمەن). ئاللاھنى زېمىندا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ ساندەك كۆپ ئۇلۇغلايمەن. ئاللاھنى ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئارىسىدا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ

سانندەك كۆپ ئۇلۇغلايمەن. اللەنى ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىنىڭ سانندەك كۆپ ئۇلۇغلايمەن»[1].

**14 – «الْحَمْدُ للَّه عَدَدَ مَا خَلَقَ، وَالْحَمْدُ للَّه ملْءَ مَا خَلَقَ، وَالْحَمْدُ للَّه عَدَدَ مَا في السَّمَاوَات وَالأَرْض، وَالْحَمْدُ للَّه ملْءَ مَا في السَّمَاوَات وَالأَرْض، وَالْحَمْدُ للَّه عَدَدَ مَا أَحْصَى كتَابُهُ، وَالْحَمْدُ للَّه ملْءَ مَا أَحْصَى كتَابُهُ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ عَدَدَ كُلِّ شَيْءٍ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ مِلْءَ كُلِّ شَيْءٍ.**

**سُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ مَا خَلَقَ، سُبْحَانَ اللهِ ملْءَ مَا خَلَقَ، سُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ مَا في السَّمَاوَات وَالأَرْض ، سُبْحَانَ اللهِ ملْءَ مَا في السَّمَاوَات وَالأَرْض، سُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ مَا أَحْصَى كتَابُهُ، سُبْحَانَ اللهِ ملْءَ مَا أَحْصَى كتَابُهُ، سُبْحَانَ اللهِ عَدَدَ كُلِّ شَيْءٍ، سُبْحَانَ اللهِ مِلْءَ كُلِّ شَيْءٍ».**

---

(1) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 837 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

«ﷲقا ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ سانىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ كەتكىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ سانىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ كەتكىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ﷲنىڭ كىتابى سانىغان نەرسىلەرنىڭ سانىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ﷲنىڭ كىتابى سانىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ كەتكىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ھەممە نەرسىنىڭ سانىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن. ﷲقا ھەممە نەرسە تولۇپ كەتكىدەك كۆپ ھەمدۇسانالار بولسۇن.

ﷲقا ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ سانىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن (يەنى: ئاشۇ مەخلۇقاتلارنىڭ سانىدەك كۆپ قېتىم "سۇبھانالللاھ (ﷲ پاكتۇر)" بولسۇن، - دەيمەن). ﷲقا ئۇ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ كەتكىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن. ﷲقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ سانىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن. ﷲقا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ كەتكىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن. ﷲقا ﷲنىڭ كىتابى سانىغان نەرسىلەرنىڭ سانىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن. ﷲقا ﷲنىڭ كىتابى سانىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ كەتكىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن. ﷲقا ھەممە نەرسىنىڭ

ســـاندەك كۆپ تەســـبىھ ئېيتىمەن. اﷲقا ھەممە نەرسە تولۇپ كەتكىدەك كۆپ تەسبىھ ئېيتىمەن»[1].

**15 – «سُــبْحَانَكَ، مَــا أَعْظَمَــكَ رَبَّنَــا!»** «ئـــى پەرۋەردىگارىـــم! ســـېنى (بارلىق نۇقســـانلاردىن) پـــاك دەپ ئېتىقـــاد قىلىمەنكى، ســـەن نېمانچە بۈيۈكسەن؟!»[2]

---

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 5 – جىلد، 249 ـ بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ســـەھىھ، ـ دېگەن. بۇ ھەدىستە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســـەللەم ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن ســـاڭا ســـەن كېچە – كۈندۈز ئېيتىدىغان زىكىرلىرىڭدىن كۆپ ۋە ئەۋزەل نەرسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېگەن، دېيىلگەن.

(2) تەبەرانـــى «ئەلئەۋســـەت» ناملىـــق كىتابـــدا رىۋايەت قىلغان (7324 – ھەدىس). ئەلبانى «ســـەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابـــدا (1839 ـ ھەدىـــس): ســـەھىھ، ـ دېگـــەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســـەللەم بۇ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «اﷲ ماڭا بىر خوراز ھەققىدە ســـۆزلەپ بېرىشـــىمگە ئىزنى بەردىكى، ئۇ خورازنىڭ ئىككى پۇتى زېمىننى بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە تېشـــىپ چىقىپتـــۇ. ئۇنـــىڭ بوينى بولســـا، اﷲنىڭ ئەرشىســـىنىڭ ئاســـتىدا ئېگىلىپ تۇرغىدەك. خوراز ئاشۇ ھالەتتە: ئى پەرۋەردىگارىم! سېنى (بارلىق نۇقسانلاردىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، سەن نېمانچە بۈيۈكسەن؟! ـ دەۋاتقىدەك...»

**16 – «سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، وَتَبَارَكَ اسْمُكَ، وَتَعَالَـى جَـدُّكَ، وَلَا إِلَـهَ غَيْرُكَ»**. «ئى اﷲ! سـەن پاكتۇرسەن، جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، ئىسـمىڭ مۇبارەكتۇر، ئەزىمىتىڭ ھەممىدىن بۈيۈكتـۇر، سـەندىن باشـقا ھېچبىـر ئىلاھ يوقتۇر»[1].

**17 – «اللَّهُ أَكْبَرُ كَبِيرًا، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ كَثِيرًا، وَسُبْحَانَ اللَّهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا»**. «اﷲ ناھايىتى بۈيۈكتۇر، اﷲقا كۆپلىگەن ھەمدىلەر بولسـۇن، مەن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىمەن»[2].

**18 – «اللَّهُــمَّ إِنِّــي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَــخَطِكَ،**

(1) سـۈنەنى نەسائى، 849 – ھەدىس. ئەلبانى (2939 ـ ھەدىس): سەھىھ، ـ دېگەن.

(2) سـەھىھ مۇسـلىم، 601 – ھەدىـس. پەيغەمبـەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «مەن ئۇ كەلىمىلەرگە ئاسـماننىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم» دېگەن.

وَبِمُعَافَاتِــكَ مِــنْ عُقُوبَتِكَ، وَبِكَ مِنْــكَ، لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ، أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ». «ئى ﷲ! مەن سېنىڭ رازىلىقىڭغا سېغىنىپ غەزىپىڭدىن، ئەپۇچانلىقىڭغا سېغىنىپ جازالىشىڭدىن، ساڭا سېغىنىپ قەھرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. مەن سېنى سەن ئۆزەڭنى مەدھىيىلىگەندەك ساڭا لايىق رەۋىشتە مەدھىيىلەشتىن ئاجىزمەن»[1].

﴿سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلَامٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ قا خاستۇر!﴾[2]

* * *

(1) سۈنەنى نەسائى، 1100 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.
(2) سۈرە ساد، 180 – ئايەتتىن 182 – ئايەتكىچە.

## ئەسلىگىن...[1]

ئاللاھنى مەدھىيىلەش پۈرستى قولدىن كېتىشتىن بۇرۇن، سەن ئۆزەڭنىڭ قايسى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىڭنى، قانداق سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭنى، كىمنى مەدھىيىلىگەنلىكىڭنى،قانچىلىك ئەجىرگە ئېرىشكەنلىكىڭنى ئەسلىگىن؟!

* سەن ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئۇنىڭ كاتتا ئىسمى (ئىسمى ئەئزەم) بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتتىڭكى، ئۇ ئىسىم بىلەن دۇئا قىلىنسا، ئاللاھ ئۇ دۇئانى ئىجابەت قىلىدۇ. ئۇ ئىسمنى

(1) بۇ كىتابنىڭ ھەر بۆلۈمدە «ئەسلىگىن...» دېگەن سۆزدىن كېيىن كېلىدىغان ئىشلار پەزىلەتلىك ۋە ئەجرى كۆپ بولىدىغان ئەمەللەر بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنغان. شۇڭا، ھەربىر دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بىلىش ئۈچۈن ھەربىر ھەدىسنىڭ ئىزاھاتىغا قاراڭ.

شــىپى كەلتۈرۈپ تىلەك تىلەنسە، اللە ئۇنى بېرىدۇ.

* ســەن اللەقــا شــۇنداق مەدھىيــە ئېيتتىڭكى، ئۇنىڭ ســاۋابى ئارقىلىق اللەنىڭ ئىزنى بىلەن دوزاختىن ئازات قىلىنىسەن.

* ئــۇ شــۇنداق مەدھىيەلەركى، اللەنىڭ ئىزنــى بىلــەن ســاڭا دۇنيــا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلىدۇ.

* ئۇ شۇنداق مەدھىيەلەركى، اللە ساڭا: «بەندەم راست ئېيتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

* ئۇ شۇنداق مەدھىيەلەركى، پەيغەمبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئۇنــى ئاڭلىغانــدا ھەيــران بولدى ۋە ئاســماننىڭ دەرۋازىلىرى ئــۇ كەلىمىلەر ئۇچۇن ئېچىلىپ كەتتى.

* ئۇ شــۇنداق مەدھىيەلەركى، سىنى ئەتىگــەن ۋە ئاخشــاملىق زىكىرلىرىڭدىن كۆپ ۋە ئەۋزەل ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ.

* ئــۇ مەدھىيەلەر ئەنە شــۇ خورازنىڭ مەدھىيەســىكى، ئۇ، ﷲنىــڭ كاتتىلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ھەقتىن خەۋەردار بولغان ۋە ئۇنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن كىشــىدەك تەسبىھ ئېيتتى.

* ئۇ شــۇنداق مەدھىيەلەركى، ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇن پەرىشتە ئۇنىڭ ساۋابىنى يېزىشــقا ئالدىــراپ كېتىــدۇ. ئۇلارنىــڭ ھەربىرى ئۇنى يېزىشــقا ھېرىســتۇر. ئۇلار ئۇنــى پەقەت ســېنىڭ ئاغزىڭدىن چىققان پېتى يازالايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەجرى ﷲنىڭ دەرگاھىدا سەن ئۇچۇن ساقلاپ قويۇلىدۇ.

* ئۇ شۇنداق مەدھىيەلەركى، سەن ﷲقا قانچىلىك كۆپ مەدھىيە ئېيتقان بولساڭ، ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ساڭا شۇنچىلىك كۆپ رەھمەت يېزىلىدۇ.

* سەن قايسى دەرىجىگە ئۆرلىگەنلىكىڭنى، نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىڭنى، نېمىلەر بىلەن مەدھىيە ئېيتقانلىقىڭنى تونۇپ يەتتىڭمۇ؟ خالىساڭ ئۇنى تەپەككۇر قىلغان ھالدا قايتا تەكرارلىغىن، خالىساڭ باشقا زىكىرلەرگە ئۆتكىن!

* * *

# پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئېيتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر

## ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئېيتىشقا ھازىرلانغىن!

تۆۋەندە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتىلىدىغان دۇرۇدلارنى بايان قىلىمىز. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان تەشنالىقىڭنى ئاشۇ دۇرۇدلار بىلەن قاندۇرغىن.

اللهنىڭ كاتتا رەھمىتىنى ئاشۇ دۇرۇدلار بىلەن ئۆزەڭگە جەلب قىلغىن.

اللهنىڭ مۇھەممەد سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ساقا پەيغەمبەر قىلىپ بەرگەنلىك نېمىتى ئۈچۈن ئاشۇ دۇرۇدلار بىلەن شۈكرى ئېيتقىن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەر قېتىم دۇرۇد ئېيتقاندا ئۇنىڭ ماقامىنى ۋە پەزىلىتىنى كۆڭلۈڭگە كەچۈرگىن.

سېنىڭ شۇ ئاندا ئېيتقان دۇرۇدلىرىڭنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە توغرىلىنىدىغانلىقىنى كۆڭلۈڭگە كەچۈرگىن.

اللّٰه تائالا مەدھىيىلىگەن مۇنۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلغىن:

﴿إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾

﴿الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)﴾[1].

ئى الله! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھمەت ۋە سالام يوللىغىن، ئۇنى مۇبارەك قىلغىن!

---

(1) سۈرە ئەھزاب، 56 – ئايەت.

# پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئېيتىش

## ئۇچۇن ئوقۇلىدىغان

## زىكىرلەر

1 – «اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّد، وَعَلَى آل مُحَمَّد، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آل إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّد، وَعَلَى آل مُحَمَّد، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ». «ئى الله! مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىنىڭدەك رەھمەت قىلغىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە

لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن. ئى اللە! مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت بەرگىنىڭدەك بەرىكەت بەرگىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن»[1].

2 – اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّد، وَعَلَى أَزْوَاجِه وَذُرِّيَّتِه، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، وَبَارِكْ عَلَى مُحَمَّد، وَعَلَى أَزْوَاجِه وَذُرِّيَّتِه، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ». «ئى اللە! مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىنىڭدەك رەھمەت قىلغىن! ئى اللە! مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئاياللىرىغا ۋە

(1) سەھىھ بۇخارى، 3190 – ھەدىس. ئەلبانىنىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 165 – بەت.

پەرزەنتلىرىگە خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت بەرگىنىڭدەك بەرىكەت بەرگىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن»[1].

**3 – «اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّد، وَعَلَى أَهْلِ بَيْتِه، وَعَلَى أَزْوَاجِه وَذُرِّيَّتِه، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ، وَبَارِكْ عَلَى مُحَمَّد، وَعَلَى أَهْلِ بَيْتِه، وَعَلَى أَزْوَاجِه وَذُرِّيَّتِه، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ».** «ئى اللە! مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىنىڭدەك رەھمەت قىلغىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا

(1) سەھىھ مۇسلىم، 407 – ھەدىس. ئەلبانىنىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 165 – بەت.

لايىقسەن. ئى اللە! مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ئاياللىرىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت بەرگىنىڭدەك بەرىكەت بەرگىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن». [1]

**4 – «اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّد النَّبِيِّ الأُمِّيِّ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّد، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، وَبَارِكْ عَلَى مُحَمَّد النَّبِيِّ الأُمِّيِّ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّد، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ فِي الْعَالَمِينَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ».**

«ئى اللە! ئۇممى (ساۋاتسىز) پەيغەمبەر مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 5 – جىلد، 374 - بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن. ئەلبانىنىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 167 – بەت.

رەھمــەت قىلغىنىڭدەك رەھمەت قىلغىن! ئى اللە! ئۇممى پەيغەمبەر مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلــە تاۋابىئاتلىرىغا خــۇددى ئەھلى جاھان ئىچىــدە ئىبراھىمنىــڭ ئائىلــە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكــەت بەرگىنىڭدەك بەرىكــەت بەرگىن! سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن»[1].

5 – «اللَّهُــمَّ صَــلِّ عَلَــى مُحَمَّــد، وَعَلَــى آل مُحَمَّــد، وَبَارِكْ عَلَــى مُحَمَّد، وَعَلَــى آلِ مُحَمَّد،كَمَا صَلَّيْــتَ وَبَارَكْــتَ عَلَى إِبْرَاهِيــمَ، وَعَلَــى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّــكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ». «ئى اللە! ھــەم ئىبراھىمغا ھــەم ئۇنىڭ ئائىلــە تاۋابىئاتلىرىغــا رەھمەت قىلغىنىــڭ ۋە بەرىكــەت بەرگىنىڭدەك، ھەم مۇھەممەدكە ھەم ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن ۋە بەرىكەت بەرگىن! ســەن

(1) ســەھىھ مۇســلىم، 405 – ھەدىــس. ئەلبانىنىــڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 166 – بەت.

ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقسەن، ئۇلۇغلاشقا لايىقسەن»[1].

**6 – «اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّد عَبْدِكَ وَرَسُولِكَ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، وَبَارِكْ عَلَى مُحَمَّد عَبْدِكَ وَرَسُولِكَ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ».** «ئى اللە! بەندەڭ ۋە رەسۇلۇڭ مۇھەممەدكە خۇددى ئىبراھىمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىنىڭدەك رەھمەت قىلغىن! ئى اللە! بەندەڭ ۋە رەسۇلۇڭ مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا

(1) تەبەرانىي «ئەلئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان (2585 – ھەدىس). ئەلبانىي «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 166 – بېتىدە بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بەرىكەت بەرگىنىڭدەك بەرىكەت بەرگىن!»[1]

## ئەسلىگىن...

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتىلغان دۇرۇدنىڭ ساڭا قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەسلىگىن!

* ئۇ شۇنداق دۇرۇدكى، الله تائالا ساڭا ئۇنىڭ بىلەن ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەر دۇئا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئېيتىلغانغا قەدەر توسۇلۇپ قالىدۇ»[2].

* ئۇ شۇنداق دۇرۇدكى، الله تائالا ساڭا

(1) سەھىھ بۇخارى، 4520 – ھەدىس. سۈنەنى نەسائى، 1293 – ھەدىس. مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 47 – بەت. ئەلبانىينىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 166 – بەت.

(2) ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن (2035 – ھەدىس).

ئۇنىڭ بىلەن 60 ياخشىلىق يازىدۇ، 60 يامانلىقىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ، مەرتىۋەڭنى 60 دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

* ئۇ شۇنداق دۇرۇدكى، الله تائالا ئۇنىڭ بىلەن سېنى ئۈستۈنكى ئالەمدىكى مەخلۇقاتلارغا (يەنى پەرىشتىلەرگە) ماختايدۇ.

* ئۇ شۇنداق دۇرۇدكى، پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىپ بارىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا دۇرۇد ئېيتسا، الله ئۇنىڭغا ئون ھەسسە رەھمەت قىلىدۇ. ئۇ دۇرۇدنى ماڭا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنىدۇ»[1].

(1) ئەلبانى «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا (1663 - ھەدىس): سەھىھ، - دېگەن.

* ئۇ شــۇنداق دۇرۇدكى، الله پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روھىنى ســاڭا ســالام قايتۇرۇش ئۈچۈن قايتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ماڭا دۇرۇد ۋە سالام يوللىسا، ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇشۇم ئۈچۈن الله روھىمنى ماڭا قايتۇرىدۇ»[1].

* ئــۇ شــۇنداق دۇرۇدكــى، ســەن ئۇ دۇرۇدنىــڭ شــاپائىتىدىن اللهنىــڭ ئىزنى بىلــەن پەيغەمبــەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمگە ئەڭ يېقىن كىشى بولىسەن. چۈنكــى پەيغەمبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم مۇنــداق دېگــەن: «قىيامەت كۈنى ماڭا ئــەڭ يېقىن بولىدىغان كىشــى

(1) ســۈنەنى ئەبــۇ داۋۇد، 2041 – ھەدىــس. ئەلبانــى: ھەسەن، - دېگەن.

ماڭا ئەڭ كۆپ دۇرۇد ئېيتقان كىشىدۇر»[1].

مانا بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئېيتىش ئۈچۈن ھاياتىڭدىن قانچىلىك ۋاقىت ئايرىيالايسەن؟!

* * *

(1) ئەلبانى «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا (1668 ـ ھەدىس): سەھىھ، ـ دېگەن.

# ئىســتىغپار ئېيتىش ئۈچــۈن
# ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر

## ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!

## پەرۋەردىگارىڭغا ئىستىغپار ئېيتىشقا ھازىرلانغىن!

شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، سەن ئۇچۇن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ خەتەرلىك بولغان نەرسە گۇناھلىرىڭدۇر! ھازىر سەن ئىستىغپار كەلىمىلىرى بىلەن بىر – بىرلەپ تونۇشسەن. ئۇ ناھايىتى مول مەغپىرەت دېڭىزىدۇر. سەن ئۇنى تىلىڭنىڭ ئۇچىدىلا تەكرارلاپ قويۇپ، ئەمەل دەپتىرىڭدىكى بىرەر گۇناھنىڭ ئۆچۈرۈلمەي قېلىشىدىن ساقلانغىن!

ئۇ شۇنداق كاتتا كەلىمىلەركى، ناۋادا تىرىك دىللار بىلەن ئېيتىلسا، اللهقا قارشى

چىقىش ۋە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، خىجالەتچىلىك، قورقۇنچ ئىچىدە مۇنداق دېگەن بولاتتى: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾ (سۈرە ئەئراف، 23 – ئايەت).

ئەگەر اللّٰه ساڭا مەغپىرەت قىلمىغان تەقدىردە، قەلبىڭ سېنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭدىن غاپىل ھالدا ئىستىغپار ئېيتىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن! ئالدىمىزدا كېلىدىغان چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىستىغپار كەلىمىلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن، اللّٰهقا قارشى چىقىشنىڭ

نەقەدەر چــوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىدىن غاپىل قالمىغىن!

مانــا ھازىــر مەغپىرەت تىلــەش ۋاقتى يېتىپ كەلــدى. قېنى ئەمســـە تىلىڭ ۋە دىلىــڭ بىلەن بىرگە مەغپىرەت تىلەشــكە باشــلىغىن. بــۇ ئىســـتىغپار زىكىرلىرىنىڭ تۇگىشـــى بىلـــەن اللە ســـېنىڭ ئىلگىرى — كېيىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىۋەتىســـە، بــۇ اللە ئۈچۈن ھېچ نەرســـە ئەمـــەس. اللە تولىمۇ ئەپۇچـــان، ناھايىتى مېھرىبان ئەمەسمۇ!؟

* * *

# ئىستىغپار ئېيتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر

* ﴿رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنْفُسَنَا وَإِنْ لَمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾[1].

* ﴿رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن﴾[2].

---

(1) سۈرە ئەئراف، 23 – ئايەت.
(2) سۈرە ئىبراھىم، 41 – ئايەت.

* ﴿رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلْنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلَانَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە

قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾[1].

* ﴿رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِيًا يُنَادِي لِلْإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الْأَبْرَارِ رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلَا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لَا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) "رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار" دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان

(1) سۈرە بەقەرە، 286 – ئايەت.

جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن﴾[1].

* ﴿رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن﴾[2].

* ﴿رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە

(1) سۈرە ئال ئىمران، 193 – ۋە 194 – ئايەتلەر.
(2) سۈرە ھەشر، 10 – ئايەت.

مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن﴾[1].

* ﴿رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[2].

* ﴿رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى (جەڭ مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم

(1) سۈرە تەھرىم، 8 – ئايەت.
(2) سۈرە ئال ئىمران، 16 – ئايەت.

بەرگىن﴾[1].

* ﴿رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَحْمَةً وَعِلْمًا فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[2].

* ﴿رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي﴾

﴿پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن﴾[3].

* ﴿رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىم ! مەغپىرەت قىلغىن،

(1) سۈرە ئال ئىمران، 147 – ئايەت.
(2) سۈرە غافىر، 7 – ئايەت.
(3) سۈرە قەسەس، 16 – ئايەت.

رەھىم قىلغۇچى، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن﴾[1].

**1 - «وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَا مِنْ الْمُشْرِكِينَ، إِنَّ صَلَاتِي، وَنُسُكِي، وَمَحْيَايَ، وَمَمَاتِي، لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، لَا شَرِيكَ لَهُ، وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنْ الْمُسْلِمِينَ. اللَّهُمَّ أَنْتَ الْمَلِكُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ. أَنْتَ رَبِّي وَأَنَا عَبْدُكَ، ظَلَمْتُ نَفْسِي وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعًا، إِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ، وَاهْدِنِي لِأَحْسَنِ الْأَخْلَاقِ، لَا يَهْدِي لِأَحْسَنِهَا إِلَّا أَنْتَ، وَاصْرِفْ عَنِّي سَيِّئَهَا، لَا يَصْرِفُ عَنِّي سَيِّئَهَا إِلَّا أَنْتَ، لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ، وَالْخَيْرُ كُلُّهُ فِي يَدَيْكَ، وَالشَّرُّ لَيْسَ إِلَيْكَ، أَنَا بِكَ وَإِلَيْكَ، تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ».** «مەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.

---

(1) سۈرە مۇئمىنۇن، 118 – ئايەت.

مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، هاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللەقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن. ئى اللە! سەن مۇتلەق پادىشاھسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق. سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن. مەن ئۆزەمگە ئۆزەم زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلدىم. پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن. مېنى گۈزەل ئەخلاقلىقا ئىگە قىلغىن، گۈزەل ئەخلاقلىقا پەقەت سەنلا

ئىگە قىلىسەن، مېنى ناچار ئەخلاقتىن يىراق قىلغىن، ناچار ئەخلاقتىن پەقەت سەنلا يىراق قىلىسەن. مەن سېنىڭ ئەمر – پەرمانىڭغا ھازىرمەن، ساڭا ئىتائەت قىلىشنى بەخت دەپ بىلىمەن. ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس، مېنىڭ ھاياتلىقىم سېنىڭ بىلەندۇر، ئاخىرى ساڭا قايتىمەن. سەن بۈيۈكسەن، ئالىيسەن. سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن»[1].

**2 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ يَا اَللَّهُ، الأَحَدُ الصَّمَدُ، الَّذي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ، وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ، أَنْ تَغْفِرَ لِي ذُنُوبِي، إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ».** «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سېنىڭدەك يەككە

(1) سەھىھ مۇسلىم، 771 – ھەدىس.

– يېگانە، ھەممە موھتاج بولىدىغان، بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى تەڭداش بولالمايدىغان ئاللاھتىن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن تولىمۇ ئەپۇ قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبانسەن»[1].

**3 – «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي وَجَهْلِي، وَإِسْرَافِي فِي أَمْرِي، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي جِدِّي وَهَزْلِي، وَخَطَئِي وَعَمْدِي، وَكُلُّ ذَلِكَ عِنْدِي، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنِّي، أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، وَأَنْتَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ».** «ئى ئاللاھ! خاتالىقلىرىمنى، نادانلىقلىرىمنى، چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەن ئىشلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن

(1) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 985 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە يەنە قېتىم: «ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى» دېگەن.

ئۆنى مەندىن ياخشــى بىلىســەن. ئى اللە! راســت قىلغان ۋە چاقچاق يۈزىدىن قىلغان گۇناھلىرىمنــى، ســەۋەنلىكتىن قىلغان ۋە قەستەن قىلغان گۇناھلىرىمنى، ئىشقىلىپ بارلىق گۇناھلىرىمنــى مەغپىرەت قىلغىن. ئــى اللە! بــۇرۇن قىلغان ۋە كېيىــن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشــۇرۇن قىلغان ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنــى مەغپىرەت قىلغىن. ســەن ئۇنى مەندىن ياخشــى بىلىســەن. سەن خالىغان نەرسىنى ئىلگىرى قىلىسەن، خالىغان نەرســىنى كېيىن قىلىسەن. سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن»[1].

**4 – «اللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِــي ظُلْمًا كَثِيرًا، وَلَا يَغْفِــرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ، فَاغْفِرْ لِــي مَغْفِرَةً مِنْ عِنْدِكَ، وَارْحَمْنِي، إِنَّــكَ أَنْتَ الْغَفُــورُ الرَّحِيمُ».** «ئى اللە!

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2719 – ھەدىس.

مەن ئۆزەمگە بەك كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن. ئۆز پەزلىڭ بىلەن مېنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ماڭا رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبانسەن»[1].

**5 – «اللَّهُمَّ طَهِّرْنِي مِنْ الذُّنُوبِ وَالْخَطَايَا، اللَّهُمَّ نَقِّنِي مِنْهَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ الْأَبْيَضُ مِنْ الدَّنَسِ، اللَّهُمَّ طَهِّرْنِي بِالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ وَالْمَاءِ الْبَارِدِ».** «ئى ﷲ! مېنى گۇناھلاردىن، خاتالىقلاردىن پاكلىغىن. ئى ﷲ! مېنى ئۇنىڭدىن خۇددى ئاق كىيىمنى كىردىن پاكلىغاندەك پاكلىغىن. ئى ﷲ! مېنى قار، مۆلدۈر ۋە سوغۇق سۇ بىلەن پاكلىغىن»[2].

(1) سەھىھ بۇخارى، 5967 – ھەدىس.

(2) سۇنەنى نەسائى، 402 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. بۇ رىۋايەت نامازنى باشلىغان ۋاقىتقىلا خاس بولماستىن،

6 – «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، وَوَسِّعْ لِي فِي دَارِي، وَبَارِكْ لِي فِيمَا رَزَقْتَنِي». «ئى الله! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، تۇرالغۇ جايىمنى مەن ئۈچۈن كەڭ قىلغىن، ماڭا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىنى مەن ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلغىن».[1]

7 – «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذُنُوبِي وَخَطَايَايَ كُلَّهَا، اللَّهُمَّ أَنْعِشْنِي، وَاجْبُرْنِي وَاهْدِنِي لِصَالِحِ الأَعْمَالِ وَالأَخْلاقِ، فَإِنَّهُ لا يَهْدِي لِصَالِحِهَا، وَلا يَصْرِفُ عَنِّي سَيِّئَهَا، إِلا أَنْتَ». «ئى الله! بارلىق گۇناھلىرىمنى ۋە خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله! مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلغىن، ھاجىتىمنى راۋا قىلغىن. مېنى ياخشى ئەمەللەرگە ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا يېتەكلىگىن.

ھەممە ۋاقىتتا ئاممىباپتۇر.
(1) مۇسنەددى ئەھمەد، 4 – جىلد، 63 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن.

سەندىن باشــقا ھېچكــىم ياخشى ئەمەل ۋە ئىســـل ئەخلاقلا يېتەكلىيەلمەيـــدۇ، يامان ئىش ۋە ناچار ئەخلاقتىن توسالمايدۇ»[1].

**8 – «اللَّهُــمَّ اغْفِرْ لِــي، وَارْحَمْنِــي، وَاجْبُرْنِي، وَارْفَعْنِــي، وَاهْدِنِي، وَعَافِنِــي، وَارْزُقْنِي».** «ئى الله! مېنــى مەغپىــرەت قىلغىن، مــاڭا رەھمەت قىلغىـــن، ھاجىتىمنـــى راۋا قىلغىـــن، مېنى ھىدايەت قىلغىن، مېنى ســالامەت قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن»[2].

**9 – «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، وَأَخْسِــئْ شَيْطَانِي، وَفُــكَّ رِهَانِــي، وَثَقِّلْ مِيزَانِــي، وَاجْعَلْنِي فِــي النَّدِيِّ الأَعْلَى».** «ئـــى الله! گۇناھىمنـــى مەغپىرەت قىلغىـــن، شـــەيتىنىمنى خـــار قىلغىن، مېنى

---

(1) تەبەرانى رىۋايەت قىلغان (7893 – ھەدىس). ئەلبانى (1266 – ھەدىس): ھەسەن، - دېگەن.

(2) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 850 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگـــەن. ئەلبانىنىڭ «نامازنىڭ ســۈپىتى» ناملىق كىتابى، 153 – بېتىگە قاراڭ.

قۇتقازغىن، تارازامنى (ياخشىلىقلىرىم بىلەن) ئېغىــــر قىلغىن، مېنى پەرىشـــتىلەر جامائىتى ئىچىدە قىلغىن»[1].

**10 – «اللَّهُــمَّ اغْفِرْ لِي ذَنْبِي كُلَّــهُ، دِقَّهُ وَجِلَّهُ، وَأَوَّلَهُ وَآخِرَهُ، وَعَلَانِيَتَهُ وَسِرَّهُ»**. «ئى الله! ئىلگىرى ـ كېيىـــن قىلغان چوڭ ـ كىچىك، ئاشــكارا ـ مەخپىــي گۇناھلىرىمنىڭ ھەممىســـنى مەغپىرەت قىلغايسەن»[2].

**11 – «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي مَا أَخْطَأْتُ وَمَا تَعَمَّدْتُ، وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا جَهِلْتُ وَمَا عَلِمْتُ»**.

«ئى الله! ســەۋەنلىكتىن ۋە قەســتەن قىلغان گۇناھلىرىمنى، يوشــۇرۇن ۋە ئاشكارا

---

(1) ســۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5054 – ھەدىس. مۇستەدرەكى ھاكىــم، 1982 – ھەدىس. ھەدىســنىڭ لەۋزى مۇســتەدرەكتىن ئېلىنغــان. ئەلبانــى (4649 – ھەدىس): ســەھىھ، ـ دېگەن. بۇ رىۋايەت ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئالار ھەققىدە كەلگەن.
(2) سەھىھ مۇسلىم، 483 – ھەدىس.

قىلغــان گۇناھلىرىمنــى، بىلىپ – بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

**12 – «اللَّهُــمَّ اغْفِــرْ لِــي ذَنْبِــي، وَخَطَئِــي، وَعَمْدِي»**. «ئــى ﷲ! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ســەۋەنلىكتىن قىلغان گۇناھىمنى ۋە قەســتەن قىلغان گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[2].

**13 – «اللَّهُــمَّ اغْفِرْ لِي مَــا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَمَا أَسْــرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا أَسْرَفْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِــهِ مِنِّي، أَنْتَ الْمُقَــدِّمُ وَالْمُؤَخِّرُ، لاَ إِلَــهَ إِلاَّ أَنْتَ»**. «ئى ﷲ! مېنىڭ بۇرۇن قىلغان، كېيىن قىلغان، مەخپىــي قىلغان، ئاشــكارا قىلغان، ھەددىدىن

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 4 – جىلد، 437 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىستە يەنە: «بۇ دۇئا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قىلغان دۇئاسىدۇر» دېيىلگەن.
(2) مۇســنەدى ئەھمەد، 4 – جىلد، 21 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

ئاشــۇرۇپ قىلغان ۋە ســەن مەندىنمــۇ ئوبدان بىلىدىغــان بارلىــق گۇناھلىرىمنىــى مەغپىرەت قىلغىـــن. ســەن خالىغان كىشــىنى تائىتىڭگە مۇۋەپپىــەق قىلىســەن، خالىغــان كىشــىنى تائىتىڭدىن مەھرۇم قىلىســەن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر»[1].

14 – «اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي وَأَنَا عَبْدُكَ، ظَلَمْتُ نَفْسِــي وَاعْتَرَفْــتُ بِذَنْبِي، يَــا رَبِّ فَاغْفِرْ لِي ذَنْبِــي، إِنَّكَ أَنْتَ رَبِّي، إِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ». «ئى ﷲ! ســەن پەرۋەردىگارىمسەن، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن. مەن ئۆزەمگە ئۆزەم زۇلۇم قىلدىم ۋە گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلدىم. ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمســەن. گۇناھنــى ســەندىن

(1) ســۈنەنى ئەبــۇ داۋۇد، 1509 – ھەدىــس. ئەلبانــى: سەھىھ، - دېگەن.

باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ»[1].

**15 – «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ».** «ئى اللە! ماڭا ۋە مۆئمىن ئەر - ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن»[2].

**16 – «اللَّهُمَّ اغْفِرْ ذَنْبِي، وَطَهِّرْ قَلْبِي، وَحَصِّنْ فَرْجِي».** «ئى اللە! گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، قەلبىمنى پاك قىلغىن، ئەۋرىتىمنى ھارامدىن ساقلىغىن»[3].

**17 – «رَبِّ اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّينِ».** «پەرۋەردىگارىم! قىيامەت كۈنى

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 2 – جىلد، 515 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىس: «كىشىنىڭ ئەڭ ئىجابەت بولىدىغان دۇئاسى مۇنۇ دۇئادۇر...» دەپ باشلانغان.

(2) تەبەرانى «ئەلكەبىر» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان (877 – ھەدىس). ئەلبانى (6026 – ھەدىس): ھەسەن، - دېگەن.

(3) مۇسنەدى ئەھمەد، 5 – جىلد، 256 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

18 – «رَبِّ اغْفِـرْ لِـى وَتُبْ عَلَـىَّ، إِنَّكَ أَنْتَ التَّـوَّابُ الرَّحِيـمُ». «پەرۋەردىگارىـم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن. سـەن ھەقىقەتەن تەۋبىنـى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»[2].

19 – «أَسْـتَغْفِرُ اللَّـهَ الَّـذِى لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُـوَ الْحَـىُّ الْقَيُّومُ، وَأَتُوبُ إِلَيْهِ». «ھەممىشـە تىرىك، ھەممىنـى ئـىدارە قىلغۇچـى اللهتىـن

(1) سەھىھ مۇسلىم، 214 – ھەدىس.
(2) سـۈنەنى ئەبـۇ داۋۇد، 1516 – ھەدىـس. ئەلبانـى: سەھىھ، - دېگەن.

مەغپىرەت تىلەيمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقتۇر»[1].

20 – «سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ، سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ». «ئاللاھنى (بارلىق نۇقسانلاردىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. سەندىن

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3577 – ھەدىس. ئەلبانى سەھىھ - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «كىمكى مۇشۇ دۇئانى قىلسا، ئورۇشتىن قاچقان گۇناھى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن.

مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن»[1].

21 – «سُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ». «اللہ پاكتۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللہقا خاستۇر، اللہتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، اللہ ئەڭ بۈيۈكتۇر»[2].

22 – «سُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ، اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي، اللَّهُمَّ ارْحَمْنِي، اللَّهُمَّ ارْزُقْنِي». «اللہ پاكتۇر، جىمى ھەمدۇسانا اللہقا خاستۇر، اللہتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر،

(1) سۈنەنى نەسائى، 424 – ھەدىس. ئەلبانى (81 – ھەدىس): سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «كىمكى بۇ دۇئانى زىكىر سورۇنىدا ئوقۇسا، ئۇ سورۇنغا مۆھۈر باسقاندەك بېسىلىپ كېتىدۇ» دېگەن.

(2) مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 152 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت ۋە ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «بۇ زىكىر گۇناھلارنى خۇددى دەرەخ ياپراقلىرىنى تۆككەندەك تۆكىۋېتىدۇ» دېگەن.

الله ئەڭ بۈيۈكتــۈر. ئى الله! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن. ئى الله! ماڭا رەھمەت قىلغىن. ئى الله! ماڭا رىزىق بەرگىن»[1].

**23 – «سُــبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْــدِهِ».** «اللهنــى (بارلىق نۇقســانلاردىن) پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيمەن»[2].

**24 – «لاَ إِلَــهَ إِلاَّ اللَّــهُ الْحَلِيــمُ الْكَرِيمُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ، سُــبْحَانَ اللهِ رَبِّ السَّــمَاوَاتِ السَّبْعِ وَرَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ».**

---

(1) شــۇئەبۇلئىمان، 619 – ھەدىــس. ئەلبانىــى (336 – ھەدىس): ســەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىســتە يەنە: «الله تائالا: بەندىنىڭ دېگىنىدەك قىلدىــم (يەنى ئۇنىڭ بۇ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدىم)، - دەيدۇ» دېيىلگەن.

(2) ســۈنەنى (ئەلكۇبــرا) نەســائى، 10662 – ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا (1542 - ھەدىس): ســەنەدى ســەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىستە يەنە: «الله گۇناھلارنى گەرچە ئۇ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولســىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ رىۋايەت ئاممىباپتۇر، نە بىرەر ۋاقىتقا، نە ساناققا خاس ئەمەس.

«ﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى كەرەملىكتۇر. ﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى بۈيۈكتۇر، ناھايىتى كاتتىدۇر. يەتتە قات ئاسمانىنىڭ پەرۋەردىگارى، بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲ پاكتۇر. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲقا خاستۇر»[1].

---

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 1 – جىلد، 92 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن ساڭا بىرقانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ سەن ئۇنى ئېيتساڭ، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ سېنىڭ گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىپ بولغان» دېگەن.

**25 – «اللهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ وَبَارِكْ عَلَى نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ».** «ئى الله! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھمەت، سالام ۋە بەرىكەت يوللىغىن»[1].

* * *

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 2457 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇرۇد ھەققىدە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «دۇرۇدنى قانچىلىك كۆپ ئېيتساڭ، سەن ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشى» دېگەن ئىدى، ئۇبەي: دۇرۇدلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئاتاپ ئېيتىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا غەمدىن خالاس بولىسەن، گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى.

## ئەسلىگىن...

ئەنە شۇ ئىستىغپار كەلىمىلىرىنىڭ ساۋابىنى، ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئەسلىگىن!

* ئۇ شۇنداق ئىستىغپاركى، الله ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلىرىڭنى قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ.

* ئۇ شۇنداق ئىستىغپاركى، «ئەڭ ئەجايىب بولىدىغان دۇئا» دېگەن سۈپەتكە ئېرىشكەن.

* ئۇ شۇنداق ئىستىغپاركى، الله ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلارنى، ئەگەر ئۇ ئۇرۇشتىن قاچقان گۇناھ بولسىمۇ، مەغپىرەت قىلىدۇ.

* ئۇ شــۇنداق ئىستىغپاركى، ئۇ ھەقتە پەيغەمبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلــى ئىبنــى ئەبــۇ تالــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا: «... ســەن ئۇنــى ئىيتســاڭ، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمــۇ ســىنىڭ گۇناھلىرىــڭ مەغپىرەت قىلىنىپ بولغان» دېگەن.

* ئــۇ شــۇنداق ئىســـتىغپاركــى، گۇناھلىرىڭنى ئەمەل دەپتىرىڭدىن خۇددى دەرەخ ياپراقلىرىنى تۆككەندەك تۆكىۋېتىدۇ.

* ئۇ شۇنداق ئىســتىغپاركى، اللە تائالا ساڭا: «دېگىنىڭدەك قىلدىم» دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

* ئۇ شــۇنداق ئىستىغپاركى، اللە ئۇنىڭ بىلەن گۇناھلىرىڭنى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ.

* ئۇ شۇنداق ئىستىغپاركى، قىيامەت كۈنى ئەمەل دەپتىرىگە دىكى مۇكاپاتتىن ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن تولىمۇ خۇشال بولىسەن.

* ئۇ شۇنداق ئىستىغپاركى، ئىستىغپار سورۇنىغا مۆھۈر باسقاندەك بېسىلىپ كېتىدۇ.

* ئۇ شۇنداق ئىستىغپاركى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قانچىلىك كۆپ دۇرۇد ئېيتىلسا، شۇنچىلىك كۆپ بەرىكىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە كۆپ دۇرۇد ئېيتقان كىشىگە: «ئۇنداقتا غەمدىن خالاس بولىسەن، گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن[1].

---

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 2457 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

* ئەمــەل دەپتىرىگــە ناھايىتــى كۆپ ئىســتىغپار يېزىلغــان ھالەتتــە يولۇققــان كىشىگە خۇش بېشارەت بولسۇن!

* * *

# تىلەك تىلەش ئۆچۈن
# ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

## ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!

## تىلەكلىرىڭنى الله تائالادىن تىلەشكە ھازىرلانغىن!

سەن الله تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمگە دۇرۇد، گۇناھلىرىڭغـا ئىسـتىغپار ئېيتتىـڭ. مانا ئەمـدى، تىلەكلىرىـڭ مىسلىسـىز دۇئالار بىلەن ئاسـمانغا ئۆرلەيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلـدى. ئۇ شـۇنداق دۇئالاركـى، اللهنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن اللهنى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان كىشـى قىلغان ئىدى، الله ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى.

قېنى ئەمىسە، پەيغەمبەرلەرنىڭ تىللىرى بىلـەن، ئۇلارنىـڭ سـەردارى مۇھەممەد

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىلى بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئەڭ ياخشى دۇئالارنى بىزمۇ قىلايلى!

ئۇ دۇئالارنى سەنمۇ قىلغىنكى، سەن دۇئا قىلىۋاتقان چاغدا، اللە يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن دۇئايىڭنى ئاڭلاپ ۋە سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

ئۇ دۇئالارنى سەنمۇ قىلغىن ۋە شۇنى بىلگىنكى، سەن چىن دىلىڭدىن يالۋۇرغان، يىلىنغان، ئىلتىجا قىلغان ھالدا دۇئا قىلىدىغانلا بولساڭ، بۇ دۇئايىڭنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشىگە ۋە ئىجابەت بولۇشىغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ. سەن ئۇنىڭ چوقۇم ئىجابەت بولىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر ئالساڭ بولىدۇ.

# تىلەك تىلەش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

* ﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ ﴿ پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾[1].

* ﴿وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ ﴿ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن﴾[2].

(1) سۈرە بەقەرە، 127 – ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە، 128 – ئايەت.

* ﴿رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلَاةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن﴾[1].

* ﴿رَبِّ هَبْ لِي حُكْمًا وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ وَاجْعَلْ لِي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ وَاجْعَلْنِي مِنْ وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم - ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن﴾[2].

* ﴿وَلَا تُخْزِنِي يَوْمَ يُبْعَثُونَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى خالايىقلار) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن)

(1) سۈرە ئىبراھىم، 40 – ئايەت.
(2) سۈرە شۇئەرا، 83 – ئايەتتىن 85 – ئايەتكىچە.

تىرىلدۈرىلىدىغان كۈنىدە مېنى رەسۋا قىلمىغىن﴾[1].

* ﴿رَبِّ زِدْنِي عِلْمًا﴾ ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!﴾[2]

* ﴿رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنْتَ الْوَهَّابُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾[3].

* ﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ

---

(1) سۈرە شۇئەرا، 87 – ئايەت.
(2) سۈرە تاھا، 114 – ئايەت.
(3) سۈرە ئال ئىمران، 8 – ئايەت.

﴿وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾ «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن»[1].

* ﴿رَبِّ إِنِّي لِمَا أَنْزَلْتَ إِلَيَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ﴾ «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنى بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج»[2].

* ﴿رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا مَعَ الْقَوْمِ الظَّالِمِينَ﴾ «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى زالىم قەۋم بىلەن بىللە قىلمىغىن»[3].

---

(1) سۈرە فۇرقان، 74 – ئايەت.
(2) سۈرە قەسەس، 24 – ئايەت.
(3) سۈرە ئەئراف، 47 – ئايەت.

* ﴿رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْــكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَــلَ صَالِحًا تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾ پەرۋەردىگارىم! ســېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشــى ئىشنى قىلىشىمنى مــاڭا ئىلھام قىلغىــن، مەن ئۈچــۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشــى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ســاڭا (جىمى گۇناھلاردىــن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن﴾[1].

1 – «اللَّهُــمَّ لَكَ الْحَمْدُ كُلُّــهُ، اللَّهُمَّ لاَ قَابِضَ لِمَا بَسَــطْتَ، وَلاَ بَاسِــطَ لِمَا قَبَضْتَ، وَلاَ هَادِيَ لِمَا أَضْلَلْتَ، وَلاَ مُضِلَّ لِمَنْ هَدَيْتَ، وَلاَ مُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَ مَانِــعَ لِمَــا أَعْطَيْتَ، وَلاَ مُقَرِّبَ لِمَــا بَاعَدْتَ، وَلاَ مُبَاعِــدَ لِمَا قَرَّبْتَ، اللَّهُمَّ ابْسُــطْ عَلَيْنَا مِــنْ بَرَكَاتِكَ

(1) سۈرە ئەھقاف، 15 – ئايەت.

وَرَحْمَتِكَ وَفَضْلِكَ وَرِزْقِكَ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ النَّعِيمَ الْمُقِيمَ الَّذِي لاَ يَحُولُ وَلاَ يَزُولُ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ النَّعِيمَ يَوْمَ الْعَيْلَةِ وَالأَمْنَ يَوْمَ الْخَوْفِ، اللَّهُمَّ إِنِّي عَائِذٌ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا أَعْطَيْتَنَا وَشَرِّ مَا مَنَعْتَنَا، اللَّهُمَّ حَبِّبْ إِلَيْنَا الإِيمَانَ وَزَيِّنْهُ فِي قُلُوبِنَا، وَكَرِّهْ إِلَيْنَا الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ، وَاجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِينَ، اللَّهُمَّ تَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ، وَأَحْيِنَا مُسْلِمِينَ، وَأَلْحِقْنَا بِالصَّالِحِينَ غَيْرَ خَزَايَا وَلاَ مَفْتُونِينَ، اللَّهُمَّ قَاتِلِ الْكَفَرَةَ الَّذِينَ يُكَذِّبُونَ رُسُلَكَ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِكَ، وَاجْعَلْ عَلَيْهِمْ رِجْزَكَ وَعَذَابَكَ، اللَّهُمَّ قَاتِلِ الْكَفَرَةَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَهَ الْحَقِّ». «ئى الله! جىمى ھەمدۇسانا ساڭا بولسۇن! ئى الله! سەن كەڭ قىلغان رىزىقنى ھېچكىم تار قىلالمايدۇ، سەن تار قىلغان رىزىقنى ھېچكىم كەڭ قىلالمايدۇ، سەن ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، سەن ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، سەن تۇسقان

نەرسىنى ھېچكىم بىرەلمەيدۇ، سەن بەرگەن نەرسىنى ھېچكىم توسالمايدۇ، سەن (رەھمىتىڭدىن) يىراق قىلغان كىشىنى ھېچكىم يېقىن قىلالمايدۇ، سەن (رەھمىتىڭگە) يېقىن قىلغان كىشىنى ھېچكىم يىراق قىلالمايدۇ. ئى اﷲ! بىزگە بەرىكەتلىرىڭنى، رەھمىتىڭنى، پەزلى – مەرھەمىتىڭنى ۋە رىزقىڭنى كەڭ قىلغىن. ئى اﷲ! مەن سەندىن تۈگەپ قالمايدىغان، يوقاپ كەتمەيدىغان، ھەمىشە داۋام قىلىدىغان مۇقىم نازۇنېمەتلىرىڭدىن سورايمەن. ئى اﷲ! مەن سەندىن ئاچارچىلىق كۈندە پاراۋان نازۇنېمەت، قورقۇنچ كۈندە تىنچ – ئامانلىق سورايمەن. ئى اﷲ! مەن ساڭا سېغىنىپ، سەن بىزگە بەرگەن نەرسىلىرىڭنىڭ يامانلىقىدىن ۋە

سەن بىزدىن مەنئى قىلغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اﷲ! بىزگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزگىن ۋە ئۇنى دىللىرىمىزدا كۆركەم قىلغىن، بىزگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى ئۆز پەزلىڭ ۋە نېمىتىڭ بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردىن قىلغىن. ئى اﷲ! بىزنى مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزغىن ۋە مۇسۇلمان ھالەتتە تىرىلدۈرگىن، بىزنى رەسۋا قىلماستىن ۋە پىتنە – پاساتچىلىققا يولۇقتۇرماستىن، ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا قوشۇۋەتكىن. ئى اﷲ! پەيغەمبەرلىرىڭنى ئىنكار قىلغان، توغرا يولۇڭدىن توسقان ئەنە شۇ كاپىرلارغا لەنەت قىلغىن، ئۇلارغا لەنىتىڭنى ۋە ئازابىڭنى چۈشۈرگىن. ئى اﷲ! ئى ھەقنىڭ

ئىلاھى! كىتاب بېرىلگەن ئەنە شۇ كاپىرلارغا لەنەت قىلغىن!»[1]

**2 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدَ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ، وَحْدَكَ لَا شَرِيكَ لَكَ، الْمَنَّانُ، يَا بَدِيعَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ، يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ، يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ، إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ».**

«ئى الله! جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن يەككە – يېگانىسەن، ھېچ شېرىكىڭ يوق، سەن سېخىيسەن. ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچى، ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك، ھەمىشە تىرىك، بارلىق ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئى الله! مەن سەندىن جەننەتنى مۇشۇ مەدھىيەلەرنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ سورايمەن ۋە ساڭا

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 424 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**3 – «اللَّهُــمَّ أَصْلِحْ لِي دِينِي، وَوَسِّــعْ عَلَيَّ فِي ذَاتِي، وَبَارِكْ لِــي فِي رِزْقِي»**. «ئى الله! دىنىمنى ئىسلاھ قىلغىن، كۆڭلى – كۆكسۈمنى كەڭ قىلغىن، رىزقىمنى بەرىكەتلىك قىلغىن»[2].

**4 – «اللَّهُمَّ بِعِلْمِكَ الْغَيْبَ، وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ، أَحْيِنِــي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْــرًا لِي، وَتَوَفَّنِي إِذَا كَانَتِ الْوَفَاةُ خَيْرًا لِي، اللَّهُمَّ وَأَسْــأَلُكَ خَشْــيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشَّــهَادَةِ، وَأَسْأَلُكَ كَلِمَةَ الْحَقِّ فِي الْغَضَبِ وَالرِّضَا، وَأَسْــأَلُكَ الْقَصْدَ فِي الْفَقْرِ وَالْغِنَى، وَأَسْــأَلُكَ نَعِيمًا لَا يَبِيدُ، وَأَسْــأَلُكَ قُرَّةَ عَيْنٍ لَا تَنْفَدُ وَلَا تَنْقَطِعُ، وَأَسْأَلُكَ**

---

(1) سۈنەنى نەسائى، 1300 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. ئۇنىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 186 – بېتىگە قاراڭ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا يەنە: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ كىشى ئىسمى ئەئزەم (يەنى اللهنىڭ كاتتا ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى» دېگەن.

(2) مۇسنەدى ئەھمەد، 4 – جىلد، 399 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن.

الرِّضَا بَعْدَ الْقَضَاء، وَأَسْــأَلُكَ بَرْدَ الْعَيْش بَعْدَ الْمَوْت، وَأَسْــأَلُكَ لَذَّةَ النَّظَرِ إِلَى وَجْهك، وَأَسْأَلُكَ الشَّوْقَ إِلَى لِقَائكَ، فِي غَيْرِ ضَرَّاءَ مُضرَّة وَلاَ فتْنَة مُضلَّة، اللَّهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَــةِ الإِيمَان، وَاجْعَلْنَا هُــدَاةً مُهْتَدِينَ». «ئى اﷲ! غەيبنــى بىلىدىغان ئىلمىڭنى، يارىتىشــقا قادىر قۇدرىتىڭنى شــېپى كەلتۈرۈپ تۈرۈپ سەندىن ســورايكى، هاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشــى بولســا، مېنى ياشــاتقىن، ئەگەر مەن ئۈچۈن ماماتلىق ياخشــى بولسا، مېنى ۋاپــات تاپقۇزغىن. ئى اﷲ! ماڭا كىشــىلەر كۆرىدىغــان، كــۆرمەيدىغــان هــەرقانــداق جــاي ۋە ۋاقىتلاردا ســەندىن قورقۇشــنى نېســىپ قىلغىن. ئى اﷲ! خۇشــاللىقتىمۇ، غەزەپلەنگەندىمۇ هەقنى سۆزلەشــنى ئاتا قىلغىــن. ئــى اﷲ! مېنــى نامراتلىقتىمۇ، بــاي بولغاندىــمۇ تــوغــرا ســۆزلەشــكــە

مۇۋەپپەق قىلغىن. ئى اللّٰه! مەن سـەندىن تۈگىمەيدىغان نازۇنېمەت ئاتا قىلىشـىڭنى تىلەيمەن. ئى اللّٰه! مـاڭا تۈگىمەيدىغان ۋە ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان خۇشاللىق ئاتا قىلغىن. ئى اللّٰه! مېنى قازايىقەدەرگە رازى بولىدىغان بەندىلەردىن قىلغىن. ئى اللّٰه! ئاخىرەتتىكى تۇرمۇشۇمنى باياشات قىلغىن. ئى اللّٰه! ماڭا جامالىڭغا قاراش ھۇزۇرىنى بېغىشـلىغىن. ئى اللّٰه! مېنى ھەرقانداق زىيانلىق ئىشتىن ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق پىتنىدىـن ئۆز پاناھىڭدا سـاقلاپ، سـەن بىلەن كۆرۈشۈش ئىشتىياقىنى ئاتا قىلغىن. ئـى اللّٰه! ئىچىمىزنـى ئىمـان زىننىتـى بىلـەن زىننەتلىگـىن. بىزنـى توغـرا يول ئۈسـتىدە قىلغىن، باشقىلارنىمۇ توغرا يولغا

يېتەكلەشنى بىزگە نېسىپ قىلغىن»[1].

**5 – «اللَّهُمَّ أَصْلِحْ لِي دِينِي الَّذِي هُوَ عِصْمَةُ أَمْرِي، وَأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ الَّتِي فِيهَا مَعَاشِي، وَأَصْلِحْ لِي آخِرَتِي الَّتِي فِيهَا مَعَادِي، وَاجْعَلْ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُلِّ خَيْرٍ، وَاجْعَلْ الْمَوْتَ رَاحَةً لِي مِنْ كُلِّ شَرٍّ».** «ئى اللە! مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى قوغدايدىغان دىنىمنى ئىسلاھ قىلغىن، تىرىكچىلىكىنىڭ مەنبەسى بولغان دۇنيالىقىمنى تۈزىگىن، ئاخىرى بارار جايىم ئاخىرەتلىكىمنى ياخشى قىلغىن، ئۆلۈمۈمنى بارلىق يامانلىقتىن قۇتۇلۇش مەنبەسى قىلغىن»[2].

**6 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا، وَأَعُوذُ بِكَ**

---

(1) مۇستەدرەكى ھاكىم، 1923 – ھەدىس. سۈنەنى نەسائى، 1305 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. ئۇنىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 184 – بېتىگە قاراڭ.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2720 – ھەدىس.

مِنْ عِلْــمٍ لاَ يَنْفَعُ». «ئى اللّٰه! مەن ســەندىن پايدىلىق ئىلىم ئاتا قىلىشىڭنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ پايدىســىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

7 – «اللَّهُــمَّ إِنِّــي أَسْــأَلُكَ الْفِــرْدَوْسَ الأَعْلَى مِــنَ الْجَنَّــةِ». «ئى اللّٰه! مەن ســەندىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت فىردەۋســنى سورايمەن»[2].

8 – «اللَّهُــمَّ أَجِرْنِي مِــنَ النَّارِ، اللَّهُــمَّ أَجِرْنِي مِــنَ النَّــارِ، اللَّهُمَّ أَجِرْنِــي مِنَ النَّــارِ». «ئى اللّٰه! مېنــى دوزاختىــن ســاقلىغىن. ئــى اللّٰه! مېنــى دوزاختىــن ســاقلىغىن. ئــى اللّٰه!

---

(1) ســەھىھ ئىبنــى ھىببــان، 82 – ھەدىس. شــۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

(2) سەھىھ بۇخارى، 6199 – ھەدىس.

مېنى دوزاختىن ساقلىغىن»[1].

**9 – «اللَّهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ، اللَّهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ، اللَّهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ».** «ئى الله! مەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن. ئى الله! مەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن. ئى الله! مەن سەندىن جەننەتنى سورايمەن»[2].

**10 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْمُعَافَاةَ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ».** «ئى الله! مەن سەندىن دۇنيا ۋە

(1) سۇنەنى تىرمىزى، 2572 – ھەدىس. ئەلبانى سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «كىمكى اللەتىن جەننەتنى ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت: ئى الله! ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، - دەيدۇ. كىمكى دوزاختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسە، دوزاخ: ئى الله! ئۇنى دوزاختىن ساقلىغىن، - دەيدۇ» دېگەن.

(2) سۇنەنى تىرمىزى، 2572 – ھەدىس. ئەلبانى سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «كىمكى اللەتىن جەننەتنى ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت: ئى الله! ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، - دەيدۇ. كىمكى دوزاختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسە، دوزاخ: ئى الله! ئۇنى دوزاختىن ساقلىغىن، - دەيدۇ» دېگەن.

ئاخىرەتتە ئامانلىق تىلەيمەن»[1].

**11 – «اللَّهُمَّ حَاسِبْنِي حِسَابًا يَسِيرًا».** «ئى اللّٰه! مەندىن يەڭگىل ھېساب ئالغىن»[2].

**12 – «اللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي».** «ئى اللّٰه! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە ھەمىشە توغرا يول ئۈستىدە قىلغىن»[3].

**13 – «اللَّهُمَّ أَحْيِنِي مِسْكِينًا، وَأَمِتْنِي مِسْكِينًا، وَاحْشُرْنِي فِي زُمْرَةِ الْمَسَاكِينِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».** «ئى اللّٰه! مېنى مىسكىن ھالەتتە ياشاتقىن، مىسكىن ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزغىن ۋە قىيامەت كۈنى

---

(1) سۈنەنى ئىبنى ماجە، 3851 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ بۇ دۇئادىن ئەۋزەل دۇئاسى يوق...»

(2) سەھىھ ئىبنى خۇزەيمە، 849 – ھەدىس. ئەئزەمى: سەنەدى ھەسەن، - دېگەن.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 2725 – ھەدىس.

مسـسكىنلەر جامائەسـى ئىچىدە ھەشر قىلغىن»[1].

**14 – «اللَّهُمَّ احْفَظْنِي بِالإِسْلاَمِ قَائِمًا، وَاحْفَظْنِي بِالإِسْلاَمِ قَاعِدًا، وَاحْفَظْنِي بِالإِسْلاَمِ رَاقِدًا، وَلاَ تُشْمِتْ بِي عَدُوًّا حَاسِدًا، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ كُلِّ خَيْرٍ خَزَائِنُهُ بِيَدِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ كُلِّ شَرٍّ خَزَائِنُهُ بِيَدِكَ».**

«ئـى اللّٰه! مېنى ئـۆرە تۇرغـان چېغىمدىمۇ ئىسلام بىلەن، ئولتۇرغان چېغىمدىمۇ ئىسلام بىلەن، ئۇخلىغان چېغىمدىمۇ ئىسلام بىلەن قوغدىغىن! ھەسـەتخور دۈشمەنلەر خۇشال بولىدىغان مۇسـىبەتنى مـاڭا يەتكۈزمىگىن. ئى اللّٰه! مەن سـەندىن خەزىنىلىرى سېنىڭ قولۇڭدىكى پۈتۈن ياخشـىلىقنى سورايمەن. سـاڭا سـېغىنىپ، خەزىنىلـىرى سـېنىڭ

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 2357 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

قولۇڭدىكــــى پۈتــۈن يامانلىقتـــن پانــاھ تىلەيمەن»[1].

**15 – «اللَّهُمَّ كَمَا حَسَّــنْتَ خَلْقِي فَحَسِّــنْ خُلُقِــي».** «ئــى اللە! قـــەددى قامىتىمنــى چىرايلىــق قىلغىنىڭــدەك، ئەخلاقىمنىمۇ چىرايلىق قىلغىن»[2].

**16 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْــأَلُكَ الْيَقِينَ وَالْمُعَافَاةَ».** «ئى اللە! مەن سەندىن ھەقىقىي ئىشەنچ ۋە ئامانلىق تىلەيمەن»[3].

**17 – «اللَّهُــمَّ جَــدِّدِ الإِيمَانَ فِــي قُلُوبِنَا».**

---

(1) ئەلبانىنىڭ «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابى، 1540 – ھەدىس.

(2) مۇسنەدى ئەھمەد، 6 – جىلد، 68 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن.

(3) مۇسنەدى ئەھمەد، 1 – جىلد، 3 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

«ئى ﷲ! قەلبىمىزدىكى ئىماننى يېڭىلاپ تۇرغىن!»[1]

**18 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتُّقَى، وَالْعَفَافَ وَالْغِنَى».** «ئى ﷲ! مەن سەندىن ھىدايەت، تەقۋادارلىق، پاكلىق ۋە قانائەتچانلىق تىلەيمەن»[2].

**19 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ وَرَحْمَتِكَ، فَإِنَّهُ لا يَمْلِكُهَا إِلا أَنْتَ».** «ئى ﷲ! مەن سەندىن پەزلى – مەرھەمىتىڭنى سورايمەن. ئۇنىڭغا سەندىن باشقا ھېچكىم ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ»[3].

---

(1) مۇستەدرەكى ھاكىم، 5 – ھەدىس. ئەلبانىينىڭ «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابى، 1585 – ھەدىسكە قاراڭ.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2721 – ھەدىس.

(3) تەبەرانىي (10379 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىينىڭ «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابى، 1543 – ھەدىسكە قاراڭ.

20 – «اللَّهُمَّ آتِنِي أَفْضَلَ مَا تُؤْتِي عِبَادَكَ الصَّالِحِينَ». «ئى الله! ماڭا ياخشى بەندىلىرىڭگە بېرىدىغان ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى بەرگىن»[1].

21 – «اللَّهُمَّ مُصَرِّفَ الْقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا عَلَى طَاعَتِكَ». «دىللارنى بۇراپ تۇرغۇچى ئى الله! دىللىرىمىزنى تائەت – ئىبادىتىڭگە بۇراپ تۇرغىن»[2].

22 – «اللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ، ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ». «قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئى الله! قەلبىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن»[3].

(1) مۇستەدرەكى ھاكىم، 748 – ھەدىس. زەھەبى: سەھىھ، - دېگەن. ئىبنى ھەجەر: ھەسەن، - دېگەن.
(2) سەھىھ مۇسلىم، 2654 – ھەدىس.
(3) سۈنەنى تىرمىزى، 3522 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

**23 – «اللَّهُــمَّ هَــبْ المُسِــيئِينَ لِلْمُحْسِــنِينَ، وَأَعْطِ مُحْسِــنَنَا مَا سَــأَلَ»**. «ئــى الله! يامانلىق قىلغۇچىلارنــى ياخشــىلىق قىلغۇچىلارغا تاپشــۇرۇپ بــەرگىــن، ئىچىــمىزدىكــى ياخشــىلىق قىلغۇچىــلارغــا تىلىكىنىنــى بەرگىن»[1].

**24 – «اللَّهُمَّ اقْسِــمْ لَنَا مِنْ خَشْــيَتِكَ مَا يَحُولُ بَيْنَنَا وَبَيْنَ مَعَاصِيكَ، وَمِنْ طَاعَتِكَ مَا تُبَلِّغُنَا بِهِ جَنَّتَكَ، وَمِنَ اليَقِينِ مَا تُهَوِّنُ بِــهِ عَلَيْنَا مَصَائِبَ الدُّنْيَا، وَمَتِّعْنَا بِأَسْــمَاعِنَا وَأَبْصَارِنَا وَقُوَّتِنَا مَا أَحْيَيْتَنَا، وَاجْعَلْهُ الوَارِثَ مِنَّا، وَاجْعَــلْ ثَأْرَنَا عَلَى مَنْ ظَلَمَنَــا، وَانْصُرْنَا عَلَى مَنْ عَادَانَــا، وَلاَ تَجْعَلْ مُصِيبَتَنَا فِي دِينِنَا، وَلاَ تَجْعَلِ الدُّنْيَا أَكْبَــرَ هَمِّنَا وَلاَ مَبْلَغَ عِلْمِنَا، وَلاَ تُسَــلِّطْ عَلَيْنَا مَنْ لاَ يَرْحَمُنَــا»**. «ئى الله! بىزگە ئۆز دەرگاھىڭدىن بىز بىلەن گۇناھ مەســىيەتىنىڭ ئارىســىنى

---

(1) ســۇنەنى ئىبنى ماجــە، 3024 – ھەدىــس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

توسۇپ تۇردىغان قورقۇنچ، جەننەتكە يەتكۈزىدىغان تائەت – ئىبادەت، دۇنيا مۇسىبەتلىرىنى يەڭگىللىتىدىغان ئىشەنچ ئاتا قىلغىن. بىزنى قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز ۋە كۈچ – قۇۋۋىتىمىز بىلەن هاياتىمىز بويىچە بەهرىمەن قىلغىن ۋە بۇ بەهرىمەنلىكنى بىزدىن كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرغىن. ئىنتىقامىمىزنى پەقەت بىزگە زۇلۇم قىلغانلارغىلا قاراتقىن، بىزگە تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى ياردەم بەرگىن، مۇسىبىتىمىزنى دىنىمىزدا قىلمىغىن. مال – دۇنيانى ئىلمىمىزنى غايىسى ۋە ئەڭ چوڭ غېمىمىز قىلمىغىن. بىزگە كۆيۈنمەيدىغانلارنى ئۈستىمىزگە مۇسەللەت قىلمىغىن»[1].

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3502 – هەدىس. ئەلبانى: هەسەن، دېگەن.

**25 – «اللَّهُمَّ أَعِنَّا عَلَى شُكْرِكَ، وَذِكْرِكَ، وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ»**. «ئى الله! ساڭا شۈكۈر قىلىشىمىزغا، سېنى ياد ئېتىشىمىزگە ۋە ساڭا ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشىمىزغا ياردەم قىلغىن»[1].

**26 – «اللَّهُمَّ أَمْتِعْنِي بِسَمْعِي وَبَصَرِي حَتَّى تَجْعَلَهُمَا الْوَارِثَ مِنِّي، وَعَافِنِي فِي دِينِي وَفِي جَسَدِي، وَانْصُرْنِي مِمَّنْ ظَلَمَنِي حَتَّى تُرِيَنِي فِيهِ ثَأْرِي، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ، وَفَوَّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ، وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ، وَخَلَّيْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ، لاَ مَلْجَأَ وَلاَ مَنْجَى مِنْكَ إِلاَّ إِلَيْكَ، آمَنْتُ بِرَسُولِكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ، وَبِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ»**. «ئى الله! مېنى قۇلىقىم ۋە كۆزۈم بىلەن بەھرىمەن قىلغىن،

---

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 2 – جىلد، 299 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى: «ئەڭ ياخشى دۇئانى قىلىشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟...» دەپ باشلىغان. بۇ رىۋايەت ئاممىباتۇر، نامازنىڭ ئارقىدىن ئوقۇيدىغان زىكىرلەرگىلا خاس ئەمەس.

ئۈنى مېنىڭ نەسلىمگە مىراس قالدۇرغىن. مېنى دىنىمدا ۋە تەن – سالامەتلىكىمدە سالامەت قىلغىن. ماڭا زۇلۇم قىلغانلارغا قارشى ياردەم بەرگىنكى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىنتىقامىمنىڭ ئېلىنغانلىقىنى ماڭا كۆرسەتكىن. ئى الله! مەن ئۆزەمنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا سېغىندىم، ساڭا يۈزلەندىم. سېنىڭ دەرگاھىڭدىن باشقا پاناھلىنىدىغان ۋە قۇتۇلىدىغان جاي يوق. سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ۋە سەن نازىل قىلغان كىتابىڭغا ئىمان كەلتۈردۈم»[1].

**27 – «اللَّهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ كَرِيمٌ، تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ**

(1) مۇستەدرەكى ھاكىم، 1933 – ھەدىس. ئەلبانىنىڭ «سەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابى، 1269 – ھەدىسكە قاراڭ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىستە: بۇ دۇئا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىدىن ئىدى... دېگەن.

**عَنِّي»**. «ئى الله! سەن ھەقىقەتەن ناھايىتى ئەپۇچانسەن، ناھايىتى كەرەملىكسەن، ئەپۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن»[1].

**28 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ إِيمَانًا لاَ يَرْتَدُّ، وَنَعِيمًا لاَ يَنْفَدُ، وَمُرَافَقَةَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي أَعْلَى جَنَّةِ الْخُلْدِ»**. «ئى الله! مەن سەندىن مۇرتەدلىككە ئېلىپ بارمايدىغان ئىمان، تۈگىمەيدىغان نېمەت ئاتا قىلىشىڭنى، مەڭگۈلۈك ۋە ئەڭ ئالىي جەننەتتە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ قىلىشىڭنى سورايمەن»[2].

**29 – «اللَّهُمَّ اجْعَلْنِي مِفْتَاحًا لِلْخَيْرِ مِغْلاَقًا**

---

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3513 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

(2) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 1970 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن.

لِلشَّــرِّ، وَلا تَجْعَلْنِي مِفْتَاحًا لِلشَّــرِّ مِغْلاقًــا لِلْخَيْرِ».
«ئى اللّٰه! مېنى ياخشــىلىقنىڭ ئاچقۇچى، يامانلىقنىڭ قۇلۇپىســـــى قىلغىن، ھەرگىزمۇ يامانلىقنىــڭ ئاچقۇچــى، ياخشــىلىقنىڭ قۇلۇپىسى قىلمىغىن»[1].

30 – «اللَّهُمَّ آتِ نَفْســي تَقْوَاهَــا، وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيْرُ مَــنْ زَكَّاهَا، أَنْتَ وَلِيُّهَــا وَمَوْلَاهَا». «ئى اللّٰه! نەپسىمنى تەقۋا قىلغىن ۋە ئۇنى پاكلىغىن، ئۇنى يالغۇز سەنلا پاكلايسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسىسەن»[3].

31 – «اللَّهُمَّ اسْتُرْ عَوْرَتِي، وَآمِنْ رَوْعَتِي، وَاقْضِ عَنِّــي دَيْنِي». «ئــى اللّٰه! ئەۋرىتىمنى ياپقىن، قورقۇنچىمنــى ئەمىنلىككە ئۆزگەرتىپ بەرگىن،

(1) تەبەرانى (5812 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «ســەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابــىدا (4108 – ھەدىس) ئۇنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

قەرزىمنى ئادا قىلغىن»[1].

**32 – «اللَّهُمَّ قِنِي شَرَّ نَفْسِي، وَاعْزِمْ لِي عَلَى أَرْشَدِ أَمْرِي»**. «ئى اللە! مېنى نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن، ئەڭ توغرا ئىشلىرىمدا ماڭا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىرادە ئاتا قىلغىن»[2].

**33 – «اللَّهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُورًا، وَفِي لِسَانِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي سَمْعِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي بَصَرِي نُورًا، وَاجْعَلْ مِنْ تَحْتِي نُورًا، وَاجْعَلْ مِنْ فَوْقِي نُورًا، وَعَنْ يَمِينِي نُورًا، وَعَنْ يَسَارِي نُورًا، وَاجْعَلْ أَمَامِي نُورًا، وَاجْعَلْ خَلْفِي نُورًا، وَاجْعَلْ فِي نَفْسِي نُورًا، وَأَعْظِمْ لِي نُورًا»**. «ئى اللە! قەلبىمدە نۇر قىلغىن، تىلىمدا نۇر قىلغىن، قۇلىقىمدا نۇر قىلغىن،

(1) تەبەرانى (3710 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابىدا (1262 – ھەدىس) ئۇنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.
(2) مۇسنەدى ئەھمەد، 4 – جىلد، 444 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن.

كۆزۈمدە نۇر قىلغىن، ئاستىمدىن نۇر قىلغىن، ئۈستۈمدىن نۇر قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدىن نۇر قىلغىن، سول تەرىپىمدىن نۇر قىلغىن، ئالدىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئارقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، كۆڭلۈمدە نۇر قىلغىن، نۇرۇمنى ناھايىتى چوڭ قىلغىن»[1].

**34 – «اللَّهُمَّ أَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِي الأُمُورِ كُلِّهَا، وَأَجِرْنَا مِنْ خِزْيِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الآخِرَةِ».** «ئى الله! ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ئاقىۋىتىمىزنى خەيرلىك قىلغىن، دۇنيانىڭ خارلىقىدىن، ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن»[2].

**35 – «اللَّهُمَّ انْفَعْنِي بِمَا عَلَّمْتَنِي، وَعَلِّمْنِي مَا**

---

(1) سۈنەنى نەسائى، 1121 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. ئۇنىڭ «نامازنىڭ سۈپىتى» ناملىق كىتابى، 146 – بېتىگە قاراڭ. بۇ دۇئا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەجدىدە قىلغان دۇئالىرىدىندۇر.

(2) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 949 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى ھەسەن، - دېگەن.

يَنْفَعُنِي، وَارْزُقْنِي عِلْمًا تَنْفَعُنِي بِهِ». «ئى الله! ماڭا ئۆگەتكەن ئىلىمنى ماڭا پايدىلىق قىلغىن، ماڭا پايدىلىق ئىلىم ئۆگەتكىن، سەن ماڭا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىلىمنى ماڭا رىزىق قىلىپ بەرگىن»[1].

36 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِيشَةً نَقِيَّةً، وَمِيتَةً سَوِيَّةً، وَمَرَدًّا غَيْرَ مُخْزٍ، وَلاَ فَاضِحٍ». «ئى الله! مەن سەندىن پاك تىرىكچىلىك، ئاسان ئۆلۈم، خارلانمىغان ۋە رەسۋا بولمىغان هالدا قايتىش تىلەيمەن»[2].

---

(1) مۇستەدرەكى هاكىم، 1879 – هەدىس. ئەلبانى: سەهىه. - دېگەن. ئۇنىڭ «سىلسىلە سەهىهە» ناملىق كىتابى، 3151 – هەدىسكە قاراڭ.

(2) تەبەرانى رىۋايەت قىلغان (1435) – هەدىس. هەيسەمى «مەجمەئۇززەۋائىد» ناملىق كىتابى، 10 – جىلد، 285 – بېتىدە: «بۇ هەدىسنى بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان، تەبەرانىنىڭ سەنەدى ياخشى» دېگەن. قەهتانىنىڭ «كىتاب ۋە سۈننەتتىكى دۇئالار» ناملىق كىتابىنىڭ 66 – بېتىگە قاراڭ.

37 – «اللَّهُمَّ حَبِّبْ إلَيْنَا لِقَاءَكَ، وَسَهِّلْ عَلَيْنَا قَضَاءَكَ، وَأَقْلِلْ لَنَا مِنَ الدُّنْيَا». «ئى اللە! سەن بىلەن مۇلاقات بولۇشنى بىزگە سۆيگۈزگىن، ھەققىمىزدىكى ھۆكمىڭنى ئاسان قىلغىن، مال – دۇنيانى ئاز بەرگىن»[1].

38 – «اللَّهُمَّ إنِّي أسْأَلُكَ خَيْرَ الْمَسْأَلَة، وَخَيْرَ الدُّعَاء، وَخَيْرَ النَّجَاح، وَخَيْرَ الْعَمَل، وَخَيْرَ الثَّوَاب، وَخَيْرَ الْحَيَاة، وَخَيْرَ الْمَمَات، وَثَبِّتْنِي وَثَقِّلْ مَوَازِينِي، وَحَقِّقْ إيمَانِي، وَارْفَعْ دَرَجَاتِي، وَتَقَبَّلْ صَلاتِي، وَاغْفِرْ خَطِيئَتِي، وَأسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّة، آمِين.

اللَّهُمَّ إنِّي أسْأَلُكَ فَوَاتِحَ الْخَيْر، وَخَوَاتِمَهُ، وَجَوَامِعَهُ، وَأوَّلَهُ، وَظَاهِرَهُ، وَبَاطِنَهُ، وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّة، آمِين.

اللَّهُمَّ إنِّي أسْأَلُكَ خَيْرَ مَا آتِي، وَخَيْرَ مَا أفْعَلُ، وَخَيْرَ مَا أعْمَلُ، وَخَيْرَ مَا بَطَنَ، وَخَيْرَ مَا ظَهَرَ،

(1) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 208 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

**وَالدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ، آمِينَ.**

**اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تَرْفَعَ ذِكْرِي، وَتَضَعَ وِزْرِي، وَتُصْلِحَ أَمْرِي، وَتُطَهِّرَ قَلْبِي، وَتُحَصِّنَ فَرْجِي، وَتُنَوِّرَ لِي قَلْبِي، وَتَغْفِرَ لِي ذَنْبِي، وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ، آمِينَ.**

**اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ أَنْ تُبَارِكَ لِي فِي نَفْسِي، وَفِي سَمْعِي، وَفِي بَصَرِي، وَفِي رُوحِي، وَفِي خَلْقِي، وَفِي خُلُقِي، وَفِي أَهْلِي، وَفِي مَحْيَايَ، وَفِي مَمَاتِي، وَفِي عَمَلِي، فَتَقَبَّلْ حَسَنَاتِي، وَأَسْأَلُكَ الدَّرَجَاتِ الْعُلَى مِنَ الْجَنَّةِ، آمِينَ».** «ئى الله! مەن سەندىن تىلەكنىڭ ياخشىسىنى، دۇئانىڭ ياخشىسىنى، نىجاتلىقنىڭ ياخشىسىنى، ئەمەلنىڭ ياخشىسىنى، ساۋابنىڭ ياخشىسىنى، تىرىكچىلىكنىڭ ياخشىسىنى ۋە ئۆلۈمنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلەيمەن. مېنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن ۋە تارازامنى ئېغىر قىلغىن. ماڭا ھەقىقىي ئىمان

بەرگىن ۋە دەرىجىلىرىمنى يۇقىرى قىلغىن. نامىزىمنى قوبــۇل قىلغىن ۋە گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ئى اللّٰه! مەن ســەندىن جەننەتتىكــى ئەڭ يۇقىــرى مەرتىۋىلەرنى تىلەيمەن، ئامىن!

ئــى اللّٰه! مەن ســەندىن ناھايىتى مول ياخشــىلىق ئاتــا قىلىشــىڭنى، ئۇنىــڭ بېشىمۇ ياخشــىلىق، ئاخىرىمۇ ياخشىلىق، ئاۋۋىلىمــۇ يــاخشــىلىق، ئاشكارىســىمــۇ ياخشــىلىق، مەخپىيســــىمۇ ياخشــىلىق بولۇشىنى تىلەيمەن. ئى اللّٰه! مەن سەندىن جەننەتتىكــى ئەڭ يۇقىــرى مەرتىۋىلەرنى تىلەيمەن، ئامىن!

ئى اللّٰه! سەندىن مەن ئېلىپ كېلىدىغان نەرســىنىڭ ئــەڭ ياخشىســىنى، مــەن

قىلدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، مەن ئەمەل قىلدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، مەخپىي نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، ئاشكارا نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سورايمەن. ئى ﷲ! مەن سەندىن جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى تىلەيمەن، ئامىن!

ئى ﷲ! مەن سەندىن نامىمنى يۇقىرى قىلىشىڭنى، گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىشىڭنى، ئىشلىرىمنى ئىسلاھ قىلىشىڭنى، قەلبىمنى پاك قىلىشىڭنى، ئەۋرىتىمنى (ھارامدىن) ساقلىشىڭنى، قەلبىمنى نۇرلۇق قىلىشىڭنى، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ﷲ! مەن سەندىن جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى تىلەيمەن، ئامىن!

ئى الله! مەن سەندىن نەپسىمگە، قۇلىقىمغا، كۆزۈمگە، جىنسىمغان، تەن – سالامەتلىكىمگە، ئەخلاقىمغا، بالا – چاقىلىرىمغا، تىرىكچىلىكىمگە، ئۆلۈمىمگە ۋە ئەمەللىرىمگە بەرىكەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن. ئى الله! ياخشىلىقلىرىمنى قوبۇل قىلغىن! مەن سەندىن جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى تىلەيمەن، ئامىن!»[1]

**39 –** «اللَّهُمَّ اجْعَلْ عَلَيْنَا صَلاَةَ قَوْمٍ أَبْرَارٍ، يَقُومُونَ اللَّيْلَ وَيَصُومُونَ النَّهَارَ، لَيْسُوا بِأَثَمَةٍ وَلاَ فُجَّارٍ». «ئى الله! كېچىلىرى قىيامدا تۇرىدىغان، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدىغان، گۇناھ قىلمايدىغان ۋە پاجىر ئەمەس ياخشى

---

(1) مۇستەدرەكى هاكىم، 1911 – ھەدىس. ھاكىم: سەھىھ، ـ دېگەن. زەھەبى ئۇنى ماقۇللىغان. قەھتانىنىڭ «كىتاب ۋە سۈننەتتىكى دۇئالار» ناملىق كىتابىنىڭ 63 – بېتىگە قاراڭ.

قەۋمنىڭ نامىزىدەك ناماز ئوقۇشنى بىزگىمۇ نېسىپ قىلغىن!»[1]

40 – **«اللَّهُمَّ أَعِنِّي وَلاَ تُعِنْ عَلَيَّ، وَانْصُرْنِي وَلاَ تَنْصُرْ عَلَيَّ، وَامْكُرْ لِي وَلاَ تَمْكُرْ عَلَيَّ، وَاهْدِنِي وَيَسِّرِ الْهُدَى لِي، وَانْصُرْنِي عَلَى مَنْ بَغَى عَلَيَّ، اللَّهُمَّ اجْعَلْنِي لَكَ شَكَّارًا، لَكَ ذَكَّارًا، لَكَ رَهَّابًا، لَكَ مِطْوَاعًا، لَكَ مُخْبِتًا، إِلَيْكَ أَوَّاهًا مُنِيبًا، رَبِّ تَقَبَّلْ تَوْبَتِي، وَاغْسِلْ حَوْبَتِي، وَأَجِبْ دَعْوَتِي، وَثَبِّتْ حُجَّتِي، وَسَدِّدْ لِسَانِي، وَاهْدِ قَلْبِي، وَاسْلُلْ سَخِيمَةَ صَدْرِي».** «ئى الله! ماڭا پايدىلىق ئىشلاردا ياردەم قىلغىن، زىيانلىق ئىشلاردا ياردەم قىلمىغىن. ماڭا ياردەم بەرگىن، دۈشمەنلىرىمگە ياردەم بەرمىگىن. ماڭا ھىيلە ئىشلەتكەن ئادەملەرگە قارشى ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگىن، باشقىلارنىڭ ماڭا قارشى ھىيلە ئىشلىتىشىگە ياردەم

(1) زىيائ «ئەلمۇختارە» ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىنىڭ «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابى، 1810 – ھەدىسكە قاراڭ.

بەرمگىن. مېنى توغرا يولغا باشلىغىن، توغرا يولنى ماڭا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن. ماڭا تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن. ئى الله! مېنى سېنى كۆپ زىكىر قىلىدىغان، ساڭا بەك شۈكۈر ئېيتىدىغان، سەندىن بەك قورقىدىغان، ساڭا بويسۇنىدىغان، ساڭا كەمتەرلىك قىلىدىغان، ساڭا قايتىپ، بەك تەۋبە قىلىدىغان قىلغىن. ئى پەرۋەردىگارىم! تەۋبەمنى قوبۇل قىلغىن، گۇناھلىرىمنى يۇغىن، دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن، مېنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، تىلىمنى توغرا سۆزلەيدىغان قىلغىن. قەلبىمنى ھىدايەتكە باشلىغىن، كۆڭلۈمدىكى ئاداۋەتلەرنى چىقىرىپ تاشلىغىن»[1].

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3551 – ھەدىس. ئەلبانى (2816 – ھەدىس): سەھىھ، ـ دېگەن.

**41 – «اللَّهُـــمَّ أَلِّفْ بَيْنَ قُلُوبِنَـــا، وَأَصْلِحْ ذَاتَ بَيْنِنَا، وَاهْدِنَا سُـــبُلَ السَّـــلَامِ، وَنَجِّنَا مِنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّـــورِ، وَجَنِّبْنَا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ، وَبَارِكْ لَنَا فِي أَسْمَاعِنَا، وَأَبْصَارِنَا، وَقُلُوبِنَا، وَأَزْوَاجِنَا، وَذُرِّيَّاتِنَا، وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ، وَاجْعَلْنَا شَاكِرِينَ لِنِعَمِكَ، مُثْنِينَ بِهَـــا عَلَيْكَ، قَابِلِينَ لَهَا وَأَتِمَّهَا عَلَيْنَا».**

«ئـــى اللهǃ دىللىرىمىزنـــى بىرلەشـــتۈرگەن، ئارىمىزنى تۈزىگەن، بىزنى ساغلام يولغا (يەنى جەننەت يولىغا) باشلىغىن، بىزنى (كۇپىرنىڭ زۇلمـــىتىدىـــن قـــۇتـــقـــۇزۇپ، (ئـــىمانـــنـــىڭ يورۇقلۇقىغا چىقارغىن، ئاشـــكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلاردىن يىراق قىلغـــىن، قۇلاقلىرىمىزغا، كۆزلىرىمىزگە، قەلبلىرىمىزگە، ئاياللىرىمىزغا، پەرزەنتـــلىرىمىزگـــە بـــەرىكـــەت بـــەرگـــىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن تەۋبىنـــى بەكـــمۇ قوبـــۇل قىلغۇچىســـەن، تولىمۇ مېھرىبانســـەن. بىزنـــى نېمەتلىرىڭنى

(خۇشاللىق بىلەن) قوبۇل قىلىدىغان، شۈكۈر قىلىدىغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتىدىغانلاردىن قىلغىن. بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ھەمىشە زىيادە قىلغىن!»[1]

42 – «اللَّهُمَّ رَبَّ جِبْرِيلَ وَمِيكَائِيلَ وَإِسْرَافِيلَ، فَاطِرَ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ، عَالِمَ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ، أَنْتَ تَحْكُمُ بَيْنَ عِبَادِكَ فِيمَا كَانُوا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ، اهْدِنِي لِمَا اخْتُلِفَ فِيهِ مِنَ الْحَقِّ بِإِذْنِكَ، إِنَّكَ أَنْتَ تَهْدِي مَنْ تَشَاءُ إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ». «جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ ۋە ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئى ﷲ! سەن بەندىلىرىڭگە ئۇلار ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىدە ھۆكۈم چىقىرىسەن.

(1) مۇستەدرەكى ھاكىم، 977 – ھەدىس. زەھەبى: بۇ ھەدىس مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتىگە توشىدۇ، - دېگەن.

مېنى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ئۆز ئىزنىڭ بىلــەن توغــرا يولغــا يېتەكلىگىن. ســەن ھەقىقەتەن ئۆزەڭ خالىغان كىشــىنى توغرا يولغا يېتەكلەيسەن»[1].

**43 – «اللَّهُـــمَّ إِنَّا نَسْـــأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَـــأَلَكَ مِنْهُ نَبِيُّــكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَـــلَّمَ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَـــرِّ مَا اسْـــتَعَاذَ مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَـــلَّمَ، وَأَنْتَ الْمُسْـــتَعَانُ، وَعَلَيْكَ البَلاَغُ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُـــوَّةَ إِلاَّ بِاللَّـــهِ».** «ئى الله! بىز ســـەندىن پەيغەمبىرــڭ مۇھەممــەد ســـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورىغان ياخشىلىقنى ســـورايمىز. پەيغەمبىرــڭ مۇھەممـــەد ســـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســـەللەم ســـاڭا سېغىنىپ نېمىدىن پاناھ تىلىگەن بولسا، بىزمۇ ســـاڭا ســـېغىنىپ ئــۇ يامانلىقتىن

(1) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 767 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

پاناھ تىلەيمىز. ياردەم سەندىنلا سورىلىدۇ، ئاخىرى بارىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر، كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر»[1].

**44 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ، وَتَرْكَ الْمُنْكَرَاتِ، وَحُبَّ الْمَسَاكِينِ، وَأَنْ تَغْفِرَ لِي، وَتَرْحَمَنِي، وَتَتُوبَ عَلَيَّ، وَإِذَا أَرَدْتَ بِعِبَادِكَ فِتْنَةً فَاقْبِضْنِي إِلَيْكَ غَيْرَ مَفْتُونٍ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ حُبَّكَ، وَحُبَّ مَنْ يُحِبُّكَ، وَحُبَّ عَمَلٍ يُقَرِّبُ إِلَى حُبِّكَ».** «ئى اللە! مەن سەندىن ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، يامان ئىشلارنى تاشلاشنى، كەمبەغەللەرنى سۆيۈشنى،

(1) سۇنەنى تىرمىزى، 3521 – ھەدىس. ئەلبانى: زەئىپ، ـ دېگەن (703 ـ ھەدىس). لېكىن «مۇختەسەرۇننەسىھە» ناملىق كىتابىنىڭ 199 – بېتىدە بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنىڭ باشلىنىشىدا مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئۇ دۇئانىڭ خۇلاسىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ سىلەر مۇنداق دۇئا قىلىڭلار:...»

ماڭا مەغپىرەت قىلىشىڭنى، رەھمەت قىلىشىڭنى، تەۋبەمنى قوبۇل قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئەگەر بەندىلىرىڭگە بىرەر بالا ئەۋەتىشنى خالىساڭ، مېنى ئۇنىڭغا مۇپتىلا قىلماستىن، روھىمنى قەبزى قىلغىن. ئى الله! سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنى سۆيگەنلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەلنى ياخشى كۆرۈشنى تىلەيمەن»[1].

**45 – «اللَّهُمَّ عَافِني فِي جَسَدِي، وَعَافِني فِي بَصَرِي، وَاجْعَلْهُ الوَارِثَ مِنِّي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ الحَلِيمُ الكَرِيمُ، سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ العَرْشِ العَظِيمِ، الحَمْدُ لِلَّهِ**

---

(1) تەبەرانى (7135 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىينىڭ «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابى، 3228 – ھەدىسكە قاراڭ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئالتۇن – كۈمۈش يىغىپ ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، سەن ئەنە شۇ كەلىمىلەرنى پىششىق ساقلىغىن!...»

رَبِّ العَالَمِيــنَ». «ئى الله! تېنىمنى، كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن، تاكى ۋاپات تاپقانغا قەدەر مېنى كۆزۈمدىن ئايرىمىغىن. اللهتىن باشــقا ئىلاھ يوق، ئۇ ناھايىتى كۆيۈمچان، ناھايىتى كەرەملىكتــۇر. بۈيۈك ئەرشــنىڭ رەببى الله ھەممــە كەمچىلىكلەردىن پاكتــۇر، پۈتۈن ھەمدۇســانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر»[1].

**46 – «اللَّهُــمَّ إنِّي أَسْــأَلُك الثَّبَــاتَ في الأَمْرِ، وَالْعَزِيمَةَ عَلَى الرُّشْــدِ، وَأَسْــأَلُكَ مُوجِبَــاتِ رَحْمَتِكَ، وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ، وَأَسْــأَلُكَ شُــكْرَ نِعْمَتِكَ، وَحُسْــنَ عِبَادَتِــكَ، وَأَسْــأَلُك قَلْبًا سَــلِيمًا، وَلِسَــانًا صَادِقًا، وَأَسْأَلُك مِنْ خَيْرِ مَا تَعْلَمُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا تَعْلَمُ، وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا تَعْلَمُ، إنَّك أَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ».** «ئى الله! مېنــى بۇ دىندا مۇســتەھكەم قىلغىن،

(1) ســۈنەنى تىرمىــزى، 3480 – ھەدىــس. ئابدۇلقادىــر ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن.

توغرا يولدا مېڭىشــقا غەيرەت ئاتا قىلغىن. ئــى ﷲ! مــەن ســەندىــن رەھمىتىڭنــى ۋاجىــپ قىلىدىغــان ۋە مەغپىرىتىڭگــە ئېرىشــتۈرىدىغان ئەمەللەرنى ســورايمەن. ئــى ﷲ! مېنــى بەرگــەن نېمەتلىرىڭگــە شۈكرى قىلىدىغان، ئەمەل – ئىبادەتلەرنى جايىــدا ئادا قىلىدىغانلاردىــن قىلغىن. ئى ﷲ! مــاڭا ســاپ دىل، راســتچىل تىل ئاتا قىلغىــن. ئى ﷲ! مــاڭا ســەن بىلىدىغان ياخشىلىقلاردىن نېســۋە ئاتا قىلغىن. ئى ﷲ! مېنى ســەن بىلىدىغان يامانلىقلارنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن. ئى ﷲ! مېنىڭ سەن بىلىدىغــان گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈشــۈڭنى تىلەيمەن. شۈبھىسىزكى، سەن ھەقىقەتەن غەيبلەرنى ناھايىتى ياخشى بىلىسەن»[1].

---

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3233 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

**47 – «اللَّهُــمَّ اسْــتَعْمِلْنَا فِــي طَاعَتِــكَ».** «ئــى الله! بــزنــى ســېنــڭ تــائــەت-ئىبادىتىڭگەئىشلەتكىن»[1].

**48 – «رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَــوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ».** «ئــى پەرۋەردىگارىــم! بەندىلىرىڭنــى تىرىلدۈرىدىغان كۈندە مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن»[2].

**49 – «اللَّهُــمَّ اهْدِنــي فِيمَنْ هَدَيْــتَ، وَعَافِنِي فِيمَــنْ عَافَيْتَ، وَتَوَلَّنِي فِيمَــنْ تَوَلَّيْتَ، وَبَارِكْ لِي فِيمَا أَعْطَيْتَ، وَقِنِي شَرَّ مَا قَضَيْتَ، فَإِنَّكَ تَقْضِي وَلا يُقْضَى عَلَيْــكَ، إِنَّهُ لا يَذِلُّ مَنْ وَالَيْــتَ، وَلا يَعِزُّ مَنْ عَادَيْت، تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ».** «ئى الله! مېنى ســەن ھىدايەت قىلغانلارنــڭ قاتارىدا ھىدايەت قىلغىن، مېنى سەن سالامەت قىلغانلارنىڭ

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 120 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن.
(2) سەھىھ مۇسلىم، 62 – ھەدىس.

قاتاردا سالامەت قىلغىن، ماڭا سەن ئىگە بولغانلارنىڭ قاتاردا ئىگە بولغىن، سەن بەرگەن نەرسىدە ماڭا بەرىكەت بەرگىن، سەن ھۆكۈم قىلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن ھۆكۈم قىلىسەن، ساڭا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. سەن ئىگە بولغان كىشى ھەرگىزمۇ خار بولمايدۇ، سەن دۈشمەن تۇتقان كىشى ھەرگىزمۇ روناق تاپمايدۇ. پەرۋەردىگارىم! سەن تولىمۇ بۈيۈكسەن، ناھايىتى ئالىيسەن»[1].

**50 – «يَا وَلِيَّ الْإِسْلَامِ وَأَهْلِهِ، مَسِّكْنِي بِالْإِسْلَامِ حَتَّى أَلْقَاكَ عَلَيْهِ».** «ئىسلامنىڭ ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ پەرۋەردىگارى ئى الله! مېنى ئىسلام ئۈستىدە چىڭ تۇرغۇزغىنكى،

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 1 – جىلد، 200 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن. بۇ رىۋايەت ئاممىباتۇر، ۋىتىر نامىزىغىلا خاس ئەمەس.

مەن ئىســـلام يولىدا مېڭىپ ساڭا مۇلاقات بولاي»[1].

**51 – «اللَّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً، وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً، وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ».** «پەرۋەردىگارىمىز ئى الله! بىزگە دۇنيادا ياخشــــىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[2].

## ئەسلىگىن...

ئــۇ شــۇنداق ئىســـىل كەلىمىلەركى، نــاۋادا الله ئۇنى ســەندىن قوبــۇل قىلسا، تىلەكلىرىڭنى ئىجابەت قىلسا، نىمىدېگەن

(1) تەبەرانى (661 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابىدا (1476 – ھەدىس): ھەسەن، - دېگەن.
(2) سەھىھ بۇخارى، 6026 – ھەدىس.

قالتىس ئىش بولۇپ كېتىدۇ – ھە!

* سەن ئاللاھتىن تىلىكىڭنى ئىسمى ئەئزەمنى شىپىي كەلتۈرۈپ تۇرۇپ تىلىدىڭكى، ئىسمى ئەئزەم بىلەن دۇئا قىلىنسا، ئاللاھ ئۇنى ئىجابەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تىلەك تىلەنسە، ئاللاھ ئۇنى بېرىدۇ.

* ئۇ شۇنداق تىلەككى، جەننەتنى: ئى ئاللاھ! ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، - دېگۈزىۋېتىدۇ.

* ئۇ شۇنداق تىلەككى، دوزاخنى: ئى ئاللاھ! ئۇنى دوزاختىن قۇتقازغىن، - دېگۈزىۋېتىدۇ.

* ئۇ شۇنداق تىلەككى، بەندە ئۇنىڭ بىلەن پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن ئەڭ ئېسىل تىلەكلەرنى تىلەيدۇ.

* ئـــۇ شـــۇنداق تىلەككـــى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســـەللەم شەدداد ئىبنـــى ئـــەۋس رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇغـــا: «كىشـــىلەرنىڭ ئالتۇن – كۈمـــۈش يىغىپ ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، سەن ئەنە شۇ كەلىمىلەرنى پىششـــىق ساقلىغىن!» دەپ تەۋسىيە قىلغان.

* ئۇ شۇنداق تىلەككى، ﷲ سېنى ئۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك بالالاردىن (ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن) ساقلايدۇ.

* ئۇ شۇنداق تىلەككى، سەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان پۈتـــۈن ھاجەتلىرىڭنى ئۆز ئىچىگـــە ئالىدۇ. بـــۇ تىلەكلـــەر دەرگاھىغا كۆتۈرۈلىدىغان زات ﷲ پۈتۈن ھاجەتلىرىڭنى ياخشى بىلىدۇ.

# پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

## ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!

## يەككە – يېگانە ئاللاھتىنلا پاناھلىق تىلەشكە ھازىرلانغىن!

سەن ئاللاھتىن پاناھلىق تىلىمەي باشقا چارەڭ يوق. ئاللاھ ساڭا پاناھلىق بەرمىسە، سېنىڭ سالامەت ياشىشىڭ مۇمكىن ئەمەس.

دۈشمەنلەر نېمىدېگەن كۆپ، ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغان دۈئالارمۇ ناھايىتى كۆپ – ھە!؟

كاشكى، پاناھلىق تىلىگەن كىشى ئۇ كەلىمىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ پاناھلىق تىلىسە – ھە!

تۆۋەندە پاناھلىق تىلىنىدىغان ناھايىتى كاتتا، ناھايىتى مۇكەممەل كەلىمىلەر بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى تاشلاپ ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ.

قېنى ئەمىسە، سەن اللهتىن قورققان ۋە يېلىنغان ھالدا، ئۇنىڭغا موھتاجلىقىڭنى بىلدۈرگەن ۋە قاتتىق يالۋۇرغان ھالدا، ئۇنىڭ سېنى ھىمايە قىلىشىنى تىلىگىن. شۇ چاغدا دۈشمىنىڭ زىيان تارتقان ۋە خار ھالدا قايتىدۇ. سەن بولساڭ، اللهنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ھالدا بارلىق يامانلىقلاردىن ۋە يامانلىق قىلغۇچىلاردىن ئەمىن ھالدا قايتىسەن...

## پــانــاھلــىــق تــىــلەش ئــۈچــۈن ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

* ﴿أَعُــوذُ بِاللَّــهِ مِــنَ الشَّــيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ ﴿قوغلاندى شــەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) اللهقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن﴾[1].

* ﴿رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّــيَاطِينِ وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَنْ يَحْضُرُونِ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! ســاڭا سىغىنىپ شــەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پانــاھ تىلەيمــەن. پەرۋەردىگارىم! ســاڭا ســىغىنىپ شــەيتانلارنىڭ مــاڭا ھەمــراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾[2].

---

(1) سۈرە نەھل، 98 – ئايەت.
(2) سۈرە مۇئمىنۇن، 97 – ۋە 98 – ئايەتلەر.

* ﴿رَبِّ إِنِّــي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْــأَلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلَّا تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِي أَكُنْ مِنَ الْخَاسِــرِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سىنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن﴾[1].

* ﴿أَعُــوذُ بِاللَّــهِ أَنْ أَكُونَ مِــنَ الْجَاهِلِينَ﴾ ﴿جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن اللهقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن﴾[2].

1 – «اللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ، وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ، وَبِكَ خَاصَمْتُ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِعِزَّتِكَ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ أَنْ تُضِلَّنِي، أَنْتَ الْحَيُّ الَّذِي لَا يَمُوتُ، وَالْجِنُّ وَالْإِنْسُ يَمُوتُونَ». «ئى

(1) سۈرە ھۇد، 47 – ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە، 67 – ئايەت.

ﷲ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا ئىشەندىم، ساڭا تەۋەككۈل قىلدىم، ساڭىلا قايتتىم. ھەقنى ئىنكار قىلغانلارغا قارشى سەن ماڭا بەرگەن دەلىل ـ پاكىتقا تايىنىپ تۇرۇپ مۇجادىلە قىلدىم. ئى ﷲ! سېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەنكى، مېنى ئازدۇرۇۋەتمىگىن. سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. سەن ھەمىشە تىرىكسەن، ھەرگىز ئۆلمەيسەن. ئەمما ئىنسان ۋە جىنلار ئۆلىدۇ»[1].

**2** – «**اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ سُوءِ الْقَضَاءِ، وَمِنْ دَرَكِ الشَّقَاءِ، وَمِنْ شَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ، وَمِنْ جَهْدِ الْبَلَاءِ**». «ئى ﷲ! مەن ساڭا سېغىنىپ يامان ئاقىۋەتتىن، بەختسىزلىكتىن، دۈشمەننىڭ سۆيۈنۈشىدىن ۋە ئېغىر بالالاردىن پاناھ

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2717 – ھەدىس.

تىلەيمەن»[1].

**3 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لاَ يَنْفَعُ، وَمِنْ قَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ، وَمِنْ دُعَاءٍ لاَ يُسْمَعُ، وَمِنْ نَفْسٍ لاَ تَشْبَعُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ صَلاَةٍ لاَ تَنْفَعُ، وَعَمَلٍ لاَ يُرْفَعُ».**

«ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ، پايدىسىز ئىلىمدىن، قورقمايدىغان قەلبتىن، قوبۇل بولمايدىغان دۇئادىن، تويمايدىغان نەپستىن پاناھ تىلەيمەن. مەن يەنە ساڭا سېغىنىپ، ئەسقاتمايدىغان نامازدىن، اللەنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىتىلمەيدىغان نامازدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

**4 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنَ الْخَيْرِ كُلِّهِ، عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ، مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّهِ، عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ، مَا عَلِمْتُ مِنْهُ**

---

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2707 – ھەدىس.

(2) مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 283 – بەت. ئىبنى ھىببانمۇ بىرقانچە سەھىھ سەنەدلەر بىلەن رىۋايەت قىلغان.

**وَمَا لَمْ أَعْلَمْ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَاذَ بِهِ عَبْدُكَ وَنَبِيُّكَ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ، وَأَسْأَلُكَ أَنْ تَجْعَلَ كُلَّ قَضَاءٍ قَضَيْتَهُ لِي خَيْرًا»**. «ئى اﷲ! مەن سەندىن هازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممە ياخشىلىقلارنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ هازىرقى ۋە كېيىنكى، مەن بىلگەن ۋە بىلمىگەن ھەممە يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اﷲ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ سەندىن سورىغان ياخشىلىقلارنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ، سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ سەندىن پاناھ تىلىگەن يامانلىقلاردىن مەنمۇ پاناھ تىلەيمەن. ئى اﷲ! مەن سەندىن جەننەتنى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكلەيدىغان سۆز ۋە ئەمەلنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ، جەھەننەم

ئوتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەلدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا چىقارغان ھەممە ھۆكۈملىرىڭنى مەن ئۈچۈن خەيرلىك قىلىشىڭنى سورايمەن»[1].

**5 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النَّارِ، وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْقَبْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْغِنَى، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْفَقْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ».** «ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن (يەنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان يامان ئىشلاردىن) ۋە دوزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ قەبرە پىتنىسىدىن (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەسلىكتىن) پاناھ تىلەيمەن.

ئى الله! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ

(1) سۈنەنى ئىبنى ماجە، 3846 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ دۇئانى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆگىتىپ قويغان.

تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سىغىنىپ بايلىق پىتنىسىنىڭ شەررىدىن (يەنى بايلىقنى ئىشىنىپ يولدىن چىقىپ كېتىشتىن) پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سىغىنىپ نامراتلىق پىتنىسىنىڭ شەررىدىن (يەنى تەمەخورلۇق، ھەسەد ۋە باشقىلاردىن) پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سىغىنىپ مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

6 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ أُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا، وَأَعُوذُ بِاللَّهِ مِنْ فِتْنَةِ الصَّدْرِ، وَبَغْيِ الرِّجَالِ». «ئى الله! مەن ساڭا سىغىنىپ ناھايىتى بەك ياشىنىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سىغىنىپ دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سىغىنىپ كۆڭۈل قارىلىقىدىن ۋە

(1) سەھىھ بۇخارى، 6014 – ھەدىس. سەھىھ مۇسلىم، 589 – ھەدىس. سۈنەنى تىرمىزى، 3495 – ھەدىس.

مۇتتەھەملەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**7 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْفَقْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْقِلَّةِ وَالذِّلَّةِ، وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَظْلِمَ أَوْ أُظْلَمَ».** «ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ نامراتلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! ساڭا سېغىنىپ كەمبەغەللىكتىن ۋە خارلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! ساڭا سېغىنىپ ئۇۋال قىلىشتىن ياكى ئۇۋالچىلىققا ئۇچراشتىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

**8 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَمِلْتُ، وَمِنْ شَرِّ مَا لَمْ أَعْمَلْ».** «ئى اللە! مەن ساڭا سېغىنىپ مەن قىلغان ئىشلارنىڭ

---

(1) سەھىھ بۇخارى، 6027 – ھەدىس. سەھىھ ئىبنى ھىببان، 1011 – ھەدىس.

(2) سۇنەنى نەسائى، 5460 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

يامانلىقدىن ۋە مەن قىلمىغان ئىشلارنىڭ يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

9 – «اللَّهُمَّ رَبَّ جِبْرَائِيلَ وَمِيكَائِيلَ، وَرَبَّ إِسْرَافِيلَ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ حَرِّ النَّارِ، وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ». «جىبرىئىل ۋە مىكائىلنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىسرافىلنىڭ پەرۋەردىگارى ئى اللە! ساڭا سىغىنىپ دوزاخ ئوتىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

10 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُوعِ، فَإِنَّهُ بِئْسَ الضَّجِيعُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخِيَانَةِ، فَإِنَّهَا بِئْسَتِ الْبِطَانَةُ». «ئى اللە! مەن ساڭا سىغىنىپ ئاچلىقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئاچلىق

---

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 6 – جىلد، 278 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىستە يەنە: «پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن بۇ دۇئانى كۆپ ئوقۇيتتى» دېيىلگەن.
(2) سۈنەنى نەسائى، 5519 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

نىمىدىگــەن يامان بىئاراملىــق — ھە! ئى ﷲ! ساڭا ســېغىنىپ خىيانەت قىلىشتىن پانــاھ تىلەيمــەن. خىيانــەت نىمىدىگەن يامان پەسكەشلىك — ھە!»[1]

**11 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَرَمِ، وَالتَّرَدِّي، وَالْهَــدْمِ، وَالْغَــمِّ، وَالْحَرِيقِ، وَالْغَرَقِ، وَأَعُــوذُ بِكَ أَنْ يَتَخَبَّطَنِي الشَّيْطَانُ عِنْدَ الْمَوْتِ، وَأَنْ أُقْتَلَ فِي سَبِيلِكَ مُدْبِــرًا، وَأَعُوذُ بِــكَ أَنْ أَمُــوتَ لَدِيغًا».** «ئى ﷲ! مەن ساڭا سىغىنىپ بەك قېرىپ كېتىشتىن، غۇلاپ كېتىشــتىن، تام بېسىۋېلىشتىن، غەم – قايغۇ ئورىۋېلىشــتىن، كۆيۈپ كېتىشــتىن، غەرق بولۇشــتىن پاناھ تىلەيمــەن. ئى ﷲ! ســاڭا ســېغىنىپ ئۆلۈم ئالدىدا شــەيتاننىڭ ئازدۇرۇشــىدىن، ســېنىڭ يولۇڭدىكى جىھاد مەيدانىدا كەينىمنى قىلىپ ئۆلۈشــتىن پاناھ

(1) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 1029 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى ھەسەن، - دېگەن.

تىلەيمەن. ئى اللە! ساڭا سىغىنىپ زەھەرلىك جانلىقلار چېقىۋېلىپ ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**12 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ».** «ئى اللە! مەن ساڭا سىغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! ساڭا سىغىنىپ مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! مەن ساڭا سىغىنىپ هايات – ماماتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى اللە! ساڭا سىغىنىپ گۇناھكار بولۇپ قىلىشتىن ۋە قەرزدار بولۇپ قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

---

(1) سۈنەنى نەسائى، 5532 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 589 – ھەدىس.

**13 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ، وَالْهَرَمِ وَالْقَسْوَةِ، وَالْغَفْلَةِ، وَالْعيلَةِ وَالذِّلَّةِ وَالْمَسْكَنَةِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْفَقْرِ وَالْكُفْرِ، وَالْفُسُوقِ، وَالشِّقَاقِ، وَالنِّفَاقِ وَالسُّمْعَةِ، وَالرِّيَاءِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الصَّمَمِ وَالْبُكْمِ وَالْجُنُونِ، وَالْجُذَامِ، وَالْبَرَصِ، وَسَيِّئِ الأَسْقَامِ».** «ئى الله! مەن ساڭا سىغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، تاش يۈرەكلىكتىن، غەپلەتتە قېلىشتىن، ئاچلىقتىن، خارلىقتىن ۋە بىچارىلىكتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ نامراتلىقتىن، كۇپۇرلىقتىن، پاسىقلىقتىن، ھەققە قارشى چىقىشتىن، مۇناپىقلىقتىن، كۆز – كۆز قىلىشتىن، رىيا قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! ساڭا سېغىنىپ گاسلىقتىن، گاچىلىقتىن، ساراڭلىقتىن، ماخاۋ كېسىلىدىن، ئاق كېسەلدىن ۋە ئېغىر

كېسەللىكلەردىن  پاناھ تىلەيمەن»[1].

**14** – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُــوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ، وَمِــنْ تَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ، وَمِنْ فُجَاءَةِ نِقْمَتِكَ، وَمِنْ جَمِيعِ سَــخَطِكَ». «ئى ﷲ! مەن ســاڭا سېغىنىپ نېمىتىڭنىــڭ يوقىلىپ كېتىشــىدىن، تىنچ – ئامانلىقنىــڭ ئۆزگىرىــپ كېتىشــىدىن، تــۇيــۇقســىز جــازالىشــىڭدىــن ۋە بارلــىق غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

**15** – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَــرِّ سَــمْعِي، وَمِنْ شَرِّ بَصَرِي، وَمِنْ شَرِّ لِسَانِي، وَمِنْ شَرِّ قَلْبِي، وَمِنْ شَــرِّ مَنِيِّي». «ئى ﷲ! مەن ســاڭا سېغىنىپ قۇلىقىمنىــڭ يامانلىقىدىــن، كۆزۈمنىــڭ يامانلىقىدىــن، تىلىمنىــڭ يامانلىقىدىــن،

(1) مۇســتەدرەكى ھاكىــم، 1944 – ھەدىــس. ئەلبانىــي «ســەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابىــدا (1285 – ھەدىس) ئۇنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.
(2) سەھىھ مۇسلىم، 2739 – ھەدىس.

قەلبىڭنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەۋرىتىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

16 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ، وَغَلَبَةِ الْعَدُوِّ، وَشَمَاتَةِ الأَعْدَاءِ». «ئى اللّٰه! مەن ساڭا سېغىنىپ قەرزدارلىقتىن، دۈشمەنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ سۆيۈنۈشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

17 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ يَوْمِ السُّوءِ، وَمِنْ لَيْلَةِ السُّوءِ، وَمِنْ سَاعَةِ السُّوءِ، وَمِنْ صَاحِبِ السُّوءِ، وَمِنْ جَارِ السُّوءِ فِي دَارِ الْمُقَامَةِ». «ئى اللّٰه! مەن ساڭا سېغىنىپ يامان كۈندىن، يامان كېچىدىن، يامان سائەتتىن (يەنى ۋاقىتتىن)، يامان ھەمراھتىن ۋە

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3492 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.
(2) سۈنەنى نەسائى، 5475 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

بــۇ دۇنيادىكــى يامــان قوشــنىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

18 – «اللَّهُــمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِــنْ ضِيقِ الدُّنْيَا، وَضِيــقِ يَــوْمِ الْقِيَامَــةِ». «ئى اﷲ! مەن ســاڭا سىغىنىپ دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن ۋە ئاخىرەتنىــڭ قىيىنچىلىقلىرىدىــن پانــاھ تىلەيمەن»[2].

19 – «اللَّهُــمَّ إِنِّــي أَعُــوذُ بِكَ مِــنْ مُنْكَرَاتِ الأَخْلاقِ، وَالأَعْمَــالِ، وَالأَهْــوَاءِ، وَالأَدْوَاءِ». «ئى اﷲ! مەن ساڭا سىغىنىپ يامان ئەخلاقتىن، يامــان ئەمەللەردىن، ھاۋايى - ھەۋەســكە بېرىلىپ كېتىشــتىن ۋە شــىپا تاپمايدىغان

(1) تەبەرانى (810 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىنىڭ «سەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابى 1299 – ھەدىسكە قاراڭ.
(2) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5058 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

كىسەللەردىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**20 – «اللَّهُـــمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ، وَالْحَزَنِ، وَضَلْعِ الدَّيْنِ، وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ».** «ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ غەم – قايغۇدىن، قەرزدارلىقتىن ۋە مۇتتەھەملەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

**21 – «اَللَّهُـــمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ جَارِ السُّـــوءِ، وَمِنْ زَوْجٍ تُشَـــيِّبُنِي قَبْلَ الْمَشِيْبِ، وَمِنْ وَلَدٍ يَكُوْنُ عَلَيَّ رَبًّا، وَمِنْ مَالٍ يَكُوْنُ عَلَيَّ عَذَاباً، وَمِنْ خَلِيْلٍ مَاكِرٍ عَيْنُهُ تَرَانِي، وَقَلْبُهُ يَرْعَانِي، إِنْ رَأَى حَسَنَةً دَفَنَهَا، وَإِنْ رَأَى سَيِّئَةً أَذَاعَهَا».** «ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ يامان قوشنىدىن، تەبىئى قېرىشتىن بۇرۇن مېنى قېرىتىۋېتىدىغان خوتۇندىن، ماڭا

(1) سۇنەنى تىرمىزى، 3519 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

(2) سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد، 1541 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

خوجايىنلىــق قىلىدىغان پەرزەنتتىن، ئازاب بــولىدىغــان مــال – دۇنيــادىــن، كۆزنــى مەندىــن ئۈزمەيدىغان، قەلبــىدە نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئەگەر ياخشىلىق كۆرسە يوشــۇرىدىــغان، يــامانلىق كــۆرســە ئاۋامغا يايىدىغــان قىزىــل كــۆز دوســتتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**22 – «اَللَّهُــمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ سُــوءِ الْعُمُرِ».** «ئى اللّٰه! مەن ســاڭا سېغىنىپ ئۆمرۈمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

**23 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْــتَهْدِيكَ لِأَرْشَــدِ أُمُورِي، وَأَعُــوذُ بِكَ مِنْ شَــرِّ نَفْسِــي».** «ئــى اللّٰه! مەن

---

(1) تەبەرانى «دۇئــالار» ناملىق كىتابــىدا رىۋايەت قىلغان (1339 – ھەدىس). ئەلبانىنىڭ «سىلســىلە ســەھىھە» ناملىق كىتابى 3137 – ھەدىسكە قاراڭ.

(2) ســەھىھ ئىبنى ھىببان، 1024 – ھەدىس. شــۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، ـ دېگەن.

سەندىن ئىشلىرىمنىڭ ئەڭ توغرىسىغا يېتەكلىشىڭنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

24 – «اللَّهُمَّ إنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أُشْرِكَ بِكَ وَأَنَا أَعْلَمُ، وَأَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لا أَعْلَمُ». «ئى ئاللاھ! مەن بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. بىلمەي قىلىپ شېرىك كەلتۈرگەن بولسام، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن»[2].

25 – «أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الفِتَنِ، مَا ظَهَرَ مِنْهَا

---

(1) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 901 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

(2) ئىمام بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان (716 – ھەدىس). ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويمايمۇ! ئەگەر سەن ئۇنى ئوقۇساڭ، شېرىكنىڭ ئىزىمۇ، جىقىمۇ سەندىن تازىلىنىپ كېتىدۇ. سەن مۇنداق دۇئا قىلغىن...» دېگەن.

وَمَــا بَطَنَ، وَأَعُــوذُ بِاللَّهِ مِنْ فِتْنَةِ الأَعْــوَرِ الْكَذَّابِ».
«مەن ئاللاھقا ســېغىنىپ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا پىتنە – پاساتلاردىن پاناھ تىلەيمەن. مەن ئاللاھقا سېغىنىپ بىر كۆزى كور، يالغانچىدىن (مەسىھ دەججالدىن) پاناھ تىلەيمەن»[1].

26 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ مِنْ هَمْزِهِ، وَنَفْثِهِ، وَنَفْخِهِ». «ئى ئاللاھ! مەن ســاڭا ســېغىنىپ قوغلاندى شــەيتاندىن، ئۇنىڭ چېقىلىپ قويۇشــىدىن، سۆيلىشــىدىن ۋە كۆپتۈرۈشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

---

(1) ســەھىھ ئىبنى ھىببان، 1000 – ھەدىس. شــۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، ـ دېگەن.

(2) ســۈنەنى ئىبنــى ماجــە، 808 – ھەدىــس. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

## ئەسلىگىن...

سەن ناھايىتى ئېسىل كەلىمىلەر بىلەن ھەممىدىن بۇيىۈك، ھەممىدىن كاتتا اللهقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلىدىڭ!

* ئۇ شۇنداق ئېسىل پاناھلىق كەلىمىلىرىكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆگىتىپ قويغان.

* ئۇ شۇنداق ئېسىل پاناھلىق كەلىمىلىرىكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمىشە ئاشۇ كەلىمىلەر بىلەن پاناھلىق تىلەيتتى.

* ئۇ شۇنداق ئېسىل پاناھلىق

كەلىملىرىكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ساھابىلىرىگە خۇددى قۇرئان كەرىمنى ئۆگەتكەندەك ئۆگەتتەتتى.

* ئۇ شۇنداق ئىسىل پاناھلىق كەلىملىرىكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى ناھايىتى كۆپ تەكرارلايتتى.

* ئۇ شۇنداق ئىسىل پاناھلىق كەلىملىرىكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆپ ئوقۇيتتى، بولۇپمۇ نامازدا كۆپ ئوقۇيتتى.

* ئۇ شۇنداق ئىسىل پاناھلىق كەلىملىرىكى، بىر ياش پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇنى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا،

پەيغەمبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۇ ياشقا ئۆگىتىپ قويغان.

* ئـۇ شـۇنداق ئىـسىل پاناھلىـق كەلىمىلىرىكـى، كىم ئۇنىڭ بىلەن پاناھلىق تىلىسـە، اللە ئۇنىڭدىكى چوڭ – كىچىك، يوشۇرۇن – ئاشكارا شېرىكنى تازىلايدۇ.

* ئـۇ شـۇنداق ئىـسىل پاناھلىـق كەلىمىلىرىكـى، پەيغەمبـەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ھەمىشە ئوقۇشقا ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرەتتى.

# دەم سېلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان شەرئى زىكىر ۋە

# دۇئالار

**ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!**

**دەم سېلىنىدىغان شەرئى زىكىر ۋە دۇئالارغا ھازىرلانغىن! ئۇ شۇنداق زىكىر ۋە دۇئالاركى، يامانلىقنى دەپئى قىلىدۇ ۋە ئۇنى قايتۇرىدۇ.**

ئۇ شۇنداق ئېسىل زىكىرلەركى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزەڭنى، بالا – چاقىلىرىڭنى ۋە مال – مۈلكىڭنى قوغدايسەن.

ئۇ شۇنداق ئېسىل زىكىرلەركى، سېنى ھەسەدتىن، كۆز تېگىشتىن ۋە كېسەلدىن ساقلايدۇ. ئۇ شۇنداق ئېسىل زىكىرلەركى، ناۋادا پۈتۈن جىنلار ۋەئىنسانلار ساڭا قارشى تويلانسىمۇ، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇ

دۈشمەنلىرىڭنى يېڭىسەن. قېنى ئەمىسە، سەن ئۇ كەلىمىلەر بىلەن دەم سالغىن، قەلبىڭ ئاللاھنىڭ ئۇ مۇكەممەل كەلىمىلىرى بىلەن مەشغۇلبولسۇن، ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلسۇن ۋە ئاشۇ كەلىمىلەر بىلەن ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتسۇن.

قېنى ئەمىسە، سەن ئۇ كەلىمىلەرنى دەم سېلىش، شىپا تىلەش، بارلىق يامانلىقتىن ۋە يامانلىق قىلغۇچىلاردىن قوغدىنىش نىيىتىدە ئوقۇغىن. ئاندىن، ئاللاھنىڭ چىقىش يولى بېرىشىنى كۈتكىن. بىلىشىڭ كېرەككى، (ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن) ئاللاھ چوقۇم چىقىش يولى بېرىدۇ.

* * *

# دەم سېلىش ئۇچۇن ئوقۇلىدىغان شەرئىي زىكىر ۋە دۇئالار[1]

**1 – ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (1) الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ (2) الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ (3) مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ (4) إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ (5) اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ (6) صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ (7)﴾**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن [1]. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى

---

(1) كىمكى تېنىدە بىرەر ئاغرىق ھېس قىلسا ياكى بىرىنىڭ ھەسەد قىلىشىدىن ئەنسىرىسە، ئىككى ئالقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېچىپ، ئاندىن تۆۋەندىكى دەم سېلىش زىكىرلىرى ۋە دۇئالىرىدىن ھەر بىرىنى ئوقۇپ بولغاندا، ئالقىنىغا ئازراق تۈكۈرۈك بىلەن سۈپلەپ، ئاندىن ئالقىنى بىلەن ئاشۇ ئاغرىق جاينى ياكى بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى سىلىسا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق شىپا تاپىدۇ.

ﷲقا خاستۇر [2]. ﷲ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانــدۇر [3]. قىيامــەت كۈنىنــىڭ ئىگىســـىدۇر [4]. (رەببىمىــز) ســاڭىلا ئىبــادەت قىلىمىــز ۋە ســەندىنلا ياردەم تىلەيمىز [5]. بىزنى توغرا يولغا باشــلىغىن [6]. غەزىپىڭگــە يولۇققانلارنىــڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، ســەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) [7]﴾[1].

**2 – أَعُوذُ باللَّه منَ الشَّــيْطَان الرَّجيم: ﴿اللَّهُ لَا إِلَــهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لَا تَأْخُذُهُ سِــنَةٌ وَلَا نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِــهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَــيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَا يَئُــودُهُ حِفْظُهُمَــا وَهُوَ الْعَلِــيُّ الْعَظِيمُ﴾**

---

(1) ســۈرە فاتىھە، 1 – ئايەتتىن 7 – ئايەتكىچە. ســەھىھ مۇسلىم، 2201 – ھەدىس. بۇ سۈرىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ســۈرە زەھەرنــى قايتۇرىدۇ، جىــن چېپىلغانلىقنى ساقايتىدۇ ۋە كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ».

قوغلاندى شــەيتاننىڭ ۋەسۋەسىســىدىن ﷲقــا ســېغىنىپ پانــاھ تىلەيمــەن: ﴿ بىر ﷲتىن باشــقا ھېچ ئىــلاھ يوقتۇر؛ ﷲ ھەمىشــە تىرىكتــۇر، ھەممىنــى ئىــدارە قىلىپ تۇرغۇچىــدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باســمايدۇ؛ ئاســمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ﷲنىڭ (مۈلكى) دۇر؛ ﷲنىڭ رۇخسىتىســىز كىممۇ ﷲنىڭ ئالدىدا شــاپائەت قىلالىسۇن؛ ﷲ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكــى (يەنــى دۇنيــادا قىلغــان)، كەينىدىكى (يەنــى ئۇلار ئۆچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغــان) ئىشــلارنىڭ ھەممىســىنى بىلىپ تۇرىــدۇ؛ ئۇلار ﷲنىڭ مەلۇماتىدىن (ﷲ) ئــۇلارغــا بىــلدۈرۈشــنــى خــالىغان نــەرســلەردىن (يەنــى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلــى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرســلەردىن)

باشــقا ھېچ نەرســـنــى بىلمەيدۇ، اللەنىڭ كۇرســـى (مەلۇماتـــى) ئاســـمانلارنى ۋە زېمىننــــى ئــۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاســـمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئـــۇ يـۇقـــىرى مەرتىۋىلىكتـــۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾[1].

**3 – بسم الله الرحمن الرحيم: ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ (1) اللَّـــهُ الصَّمَدُ (2) لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ (3) وَلَمْ يَكُنْ لَـــهُ كُفُوًا أَحَدٌ (4)﴾** ناھايىتى شـــەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: ﴿(ئـــى مۇھەممـــەد!) ئېيتقىنكـــى، ئۇ ــ الله بىردۇر [1]. ھەممـــە اللەقا موھتاجدۇر [2]. الله بـــالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ

---

(1) ســـۈرە بەقەرە، 255 – ئايەت. ســـەھىھ ئىبنى ھىببان، 784 – ھەدىـــس. ئەلبانى «ســـەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا (1470 – ھەدىس): ســـەھىھ، ـ دېگەن. بۇ ئايەت ھەققىدە: «بۇ ئايەت جىنلاردىن قوغدايدۇ» دېيىلگەن.

ئەمەس [3]. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4]﴾[1].

**4 – بسم الله الرحمن الرحيم: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ (1) مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ (2) وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ (3) وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ (4) وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ (5)﴾** ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: ﴿مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (الله) غا

(1) سۈرە ئىخلاس، 1 – ئايەتتىن 4 – ئايەتكىچە. مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 357 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن. بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «نە تەۋراتتا، نە زەبۇردا، نە ئىنجىلدا، نە قۇرئاندا بۇ سۈرىلەرگە (يەنى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىگە) ئوخشاش سۈرە نازىل بولمىدى».

سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، - دېگىن [1ـ5]﴾[1].

**5 – بسم الله الرحمن الرحيم: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ (1) مَلِكِ النَّاسِ (2) إِلَهِ النَّاسِ (3) مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ (4) الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ (5) مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ (6)﴾** ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: ﴿ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (الله) غا سېغىنىپ، كىشلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن

(1) سۈرە فەلەق، 1 – ئايەتتىن 5 – ئايەتكىچە. مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 357 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن. بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «نە تەۋراتتا، نە زەبۇردا، نە ئىنجىلدا، نە قۇرئاندا بۇ سۈرىلەرگە (يەنى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىگە) ئوخشاش سۈرە نازىل بولمىدى».

پاناھ تىلەيمەن، - دېگىن [1ـ6]ﷺ[1].

**6 – «أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ».** «ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

**7 – «أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ، وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لاَمَّةٍ».** «ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، بارلىق شەيتاندىن، بارلىق زەھەرلىك جانلىقلاردىن

(1) سۈرە ناس، 1 – ئايەتتىن 6 – ئايەتكىچە. مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 357 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن. بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «نە تەۋراتتا، نە زەبۇردا، نە ئىنجىلدا، نە قۇرئاندا بۇ سۈرىلەرگە (يەنى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىگە) ئوخشاش سۈرە نازىل بولمىدى».

(2) سەھىھ مۇسلىم، 55 – ھەدىس. بۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى بىرەر جايغا چۈشكەندە بۇ دۇئانى... ئوقۇسا، ئۇ جايدىن يۆرۈپ كەتكىچە زىيان – زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ».

ۋە بارلىق يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

8 – «**اللَّهُــمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِوَجْهِكَ الْكَرِيمِ، وَكَلِمَاتِكَ التَّامَّةِ، مِنْ شَــرِّ مَــا أَنْتَ آخِــذٌ بِنَاصِيَتِــهِ، اللَّهُمَّ أَنْتَ تَكْشِــفُ الْمَغْرَمَ وَالْمَأْثَــمَ، اَللَّهُمَّ لاَ يُهْــزَمُ جُنْدُكَ، وَلاَ يُخْلَفُ وَعْدُكَ، وَلاَ يَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ، سُبْحَانَكَ وَبِحَمْدِكَ**». «ئى ﷲ! ئۇلۇغ زاتىڭ ۋە مۇكەممەل سۆزلىرىڭگە سىـغىنىپ، بارلىق نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سىـنىڭ قولۇڭدىدۇر. ئى ﷲ! سەن قەرزلەرنى كۆتۈرۈۋېتىسـەن، گۇناھلارنـى مەغپىـرەت قىلىسـەن. ئى ﷲ! سـىنىڭ قوشۇنۇڭ ھەرگىز مەغلۇب بولمايدۇ، ۋەدەڭ خىلاپلىق قىلىنمايدۇ، يۈز ئابرۇي (يەنى بايلىق، بالا – چاقا، ئۇلۇغلۇق، مەنسـەپ، پادىشـاھلىق قاتارلىقلار) سىنىڭ ئالدىڭدا ھېچ نەرسىگە ئەسـقاتمايدۇ (يەنى ئۇنى پەقەت ياخشـى ئەمەللا قۇتقۇزالايدۇ)،

(1) سەھىھ بۇخارى، 3191 – ھەدىس.

سېنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن ۋە بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر بىلەن مەدھىيىلەيمەن»[1].

**9 – «أَعُـوذُ بِكَلِمَــاتِ اللهِ التَّامَّــاتِ الَّتِــي لاَ يُجَاوِزُهُنَّ بَرٌّ وَلاَ فَاجِرٌ مِنْ شَــرِّ مَا خَلَــقَ، وَذَرَأَ وَبَرَأَ، وَمِنْ شَــرِّ مَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ، وَمِنْ شَرِّ مَا يَعْرُجُ فِيهَا، وَمِنْ شَــرِّ مَا ذَرَأَ فِي الأَرْضِ، وَمِنْ شَرِّ مَا يَخْرُجُ مِنْهَا، وَمِنْ شَــرِّ فِتَــنِ اللَّيْــلِ وَالنَّهَارِ، وَمِنْ شَــرِّ كُلِّ طَارِقٍ إِلاَّ طَارِقًــا يَطْــرُقُ بِخَيْرٍ، يَا رَحْمَــنُ».** «اللهنىڭ نە ياخشــى ئادەم، نە گۇناھكار ئــادەم ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغــان مۇكەممــەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، الله ياراتقان، نەسلىدىن نەسلىگە قالدۇرغــان ۋە يوقتــىن بــار قىلغــان بارلىق نەرســىلەرنىڭ يامانلىقىدىــن، ئاســماندىن چۈشــىدىغان بــارلىــق نــەرســـىلەرنىڭ

(1) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5052 – ھەدىس. ئىبنى ھەجەر: ھەسەن، - دېگەن.

يامانلىقلىرىدىن، ئاســمانغا ئۆرلەيدىغان بارلىق نەرســلەرنىڭ ياماناقلىرىدىن، زېمىن يۈزىدە يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ياماناقلىرىدىن، زېمىندىن چىقىدىغان بارلىق نەرســلەرنىڭ ياماناقلىرىــدىن، كېچــە – كۈنــدۈز ئىچــىدە يــۈز بېرىدىغان بارلىق پىتنە – پاســاتلارنىڭ ياماناقلىرىدىن، كېچىلىرى تۇيۇقسىز كېلىدىغان بارلىــق نەرســلەرنىڭ يامانلىقلىرىــدىن پاناھ تىلەيمــەن. پەقــەت كېچىلىرى تۇيۇقســىز كېلىدىغان ياخشىلىقلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ناھايىتى شــەپقەتلىك ئــى اﷲ! (دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن!)»[1]

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 419 – بەت. ئەلبانى «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابىدا (480 – ھەدىس): سەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىستە: «شەيتانلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرمەكچى بولغاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، بۇ پاناھلىق تىلەش دۇئاسىنى ئۈنىڭغا ئۆگەتتى. ئۇ بۇ دۇئانى ئوقۇغاندىن كېيىن، اﷲ شەيتانلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلە – مىكرىنى قايتۇردى» دېيىلگەن.

10 – «أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّاتِ، مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ، وَمِنْ شَرِّ عِبَادِهِ، وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ، وَأَنْ يَحْضُرُونِ». «ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ ئۇنىڭ غەزىپىدىن، جازاسىدىن، بەندىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئەمەللىرىمگە شېرىك بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

11 – «بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ، وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ». «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەنكى، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن نە زېمىندا، نە ئاسماندا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىنى

---

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3528 – ھەدىس. ئەلبانىي: ھەسەن، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى: «ئەگەر بىرىڭلار قورقۇپ ئويغىنىپ كەتسە، مۇنۇ دۇئانى ئوقۇسۇن...» دەپ باشلىغان.

ئاگلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

**12 – «اللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَاوَاتِ وَرَبَّ الأَرْضِ وَرَبَّ العَرْشِ العَظِيمِ، رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ، فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوَى، وَمُنْزِلَ التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ وَالْفُرْقَانِ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ أَنْتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ، اللَّهُمَّ أَنْتَ الأَوَّلُ، فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الآخِرُ، فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ، فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ، فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ».** «ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئى اللە! دان ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 1 – جىلد، 62 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن. بۇ ھەدىستە: «كىمكى بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېيىلگەن.

قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. ئى ئاللاھ! سەن ئەۋۋەلسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق. سەن ئاخىرسەن، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە مەۋجۇد ئەمەس. سەن ئاشكارىسەن (يەنى مەۋجۇتلۇقۇڭ دەلىل – پاكىتلار بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاشكارىدۇر)، سېنىڭدەك ئاشكارا ھېچ نەرسە يوق. سەن مەخپىيسەن (يەنى سېنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، سېنىڭ زاتىڭنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر يېتەلمەيدۇ)، سېنىڭدەك مەخپىي ھېچ نەرسە يوق»[1].

(1) سەھىھ مۇسلىم، 4888 – ھەدىس (مەكتەبە شامىلە). سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5051 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

## ئەسلىگىن...

سـەن شـەرئـى دەم سـېلىنىدىغان، شـۇنداق كاتتا كەلىملەرنى ئـۆز ئىچىگە ئالغان زىكىر ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ ئۆتتۈڭ!

* ئۇلاردىـن بىرى، قۇرئان كەرىمدىكى شۇنداق كاتتا سـۈرىكى، ئۇ سۈرە زەھەرنى قايتۇرىدۇ، جىن چىپىلغانلىقنى ساقايتىدۇ، كىسەللەرگە شىپا بولىدۇ.

* ئـۇلاردىـن يـەنــە بـىـرى، قـۇرئان كەرىمدىكـى شـۇنداق كاتتـا ئايەتكى، ئۇ ئايەت پەرىشـتىلەرنىڭ سـېنى قوغدىشى بىلـەن جىنلارنىـڭ ئەزىيەتلىرىنى دەپئى قىلىدۇ.

* ئۆلاردىن يەنە بىرى، پاناھلىق تىلىگۈچىلەر پاناھلىق تىلەيدىغان ئەڭ كاتتا كەلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاناھلىق تىلەش سۈرىلىرىدۇر.

* يەنە بىرى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇيقۇسىدىن قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىدىغان كىشى ئۈچۈن ئۆگەتكەن دۇئا بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئوقۇسا، شەيتانلار ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

* يەنە بىرى شۇنداق كاتتا دۇئاكى، بىرەر جايغا چۈشكەندە ئۇنى ئوقۇساڭ، ساڭا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

* يەنە بىرى تېخىمۇ كاتتا دۇئاكى، جىن كېچىسى شەيتانلار توپلىشىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆيدۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان ۋاقىتتا،

جبرئىل ئــەلەيھىسسالام دەرھال كېلىپ، ئەنە شۇ پاناھلىق تىلەش دۇئاسىنى ئۈنىڭغا ئۆگەتكەن. ئۇ بۇ دۇئانى ئوقۇغاندىن كېيىن، اللە شـــەيتانلارنى رەســـۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىيلە – مــكرىنـــى قايتۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن.

* ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە شـــۇنداق دۇئامۇ باركى، ســـەن ئۇنـــى ھەر كۈنـــى ئەتىگەن ۋە ئاخشـــامدا ئوقۇســـاڭ، اللە تائالانـــىڭ ئىزنـــى بىلـــەن ســـاڭا ھېچ نەرســـە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

# باشــقا بىرەر كۆلپەت چۈشكەندە ياكى غەم باســقاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

## ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!
## بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەتنى دۇئا بىلەن كۆتۈرۈۋېتىشكە هازىرلانغىن!

بېشىغا كۈلپەت چۈشكەن ئى مۇسۇلمان! ساڭا كۈلپەت، قەرز ۋە غەم – قايغۇنى تەقدىر قىلغانمۇ اللهتۇر، كۈلپەت چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىن ساقلىنىشىڭ ئۈچۈن، كۈلپەت چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا كۈلپەت چۈشكەندە ئوقۇيدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى ئۆگەتكەنمۇ اللهتۇر. دېمەك، سەن بۇ زىكىر ۋا دۇئالار بىلەن بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەتلەردىن، غەم – قايغۇلاردىن

ۋە قەرزلەردىن قۇتۇلالايسەن.

ئۇنداق بولسا، قېنى ئەمسە هازىردىن باشلاپ قەلبىڭ ئۇ كەلىمىلەرنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ۋە مۇكەممەللىكىگە مەھلىيا بولغان، بۇ كۈلپەتنى يېگانە ئاللاھتىن باشقا هېچ كۈتۈرۈۋەتكۈچىنىڭ يوقلۇقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەن هالدا ئۇ زىكىر ۋە دۇئالارنى تەكرارلىغىن!

ئۇ زىكىر ۋە دۇئالارنى ھەم تىلىڭ ھەم دىلىڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغىنىڭ، بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەتنى ئاللاھقا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ چوڭ ساناپ كەتمىگىن!

ئۇ كاتتا كەلىمىلەرنى پۈتۈن زېھنىڭنى يىغىپ ئوقۇغىنىڭ، بېشىڭغا چۈشكەن

كۈلپەت ئۇنتۇلدۇرۇلسۇن. بېشىڭغا چۈشكەن ھەربىر كۈلپەتتىن كېيىن اللهنىڭ ئىزنى بىلەن بىرەر ياخشىلىق كۈتكىن!

بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەتنى بىر ئالقىنىڭغا، اللهنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل كەلىمىلىرىنى يەنە بىر ئالقىنىڭغا قويۇپ قاراپ باققىنكى، اللهنىڭ كەلىمىلىرىنى بېسىپ كېتىدىغان ياكى ئۇنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىرەر نەرسە مەۋجۇدمىكەن؟!

* * *

# باشــقا بىرەر كۆلپەت چۈشكەندە ياكى غەم باسقاندا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

* ﴿لَا إِلَـهَ إِلَّا أَنْـتَ سُـبْحَانَكَ إِنِّـي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِيــنَ﴾ ﴿(پەرۋەردىگارىــم) ســەندىن بۆلــەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ســەن (جىمــى كەمچىلىكلەردىــن) پاكتۇرســەن، مــەن ھەقىقەتــەن (ئۆز نەپســىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم﴾[1].

* ﴿رَبِّ نَجِّنِـي مِـنَ الْقَـوْمِ الظَّالِمِيـنَ﴾ ﴿ئــى پەرۋەردىگارىم! مېنــى زالىم قەۋمدىن قۇتقۇزغىن﴾[2].

---

(1) سۈرە ئەنبىيا، 87 – ئايەت.
(2) سۈرە قەسەس، 21 – ئايەت.

* ﴿رَبِّ انْصُرْنِي عَلَى الْقَوْمِ الْمُفْسِدِينَ﴾
﴿پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن﴾[1].

* ﴿حَسْبُنَا اللَّهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ﴾ ﴿بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى هامىي!﴾[2]

**1 – «لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ رَبُّ السَّمَوَاتِ وَرَبُّ الْأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ».**

«بىر اللهتىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغدۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا هېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. الله بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا هېچ ئىلاھ يوقتۇر. الله ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر،

(1) سۈرە ئەنكەبۇت، 30 – ئايەت.
(2) سۈرە ئال ئىمران، 173 – ئايەت.

ئۈلۈغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»[1].

**2 – «اللَّهُـــمَّ إنِّي عَبْــدُكَ، وَابْنُ عَبْــدِكَ، وَابْنُ أَمَتِــكَ، نَاصِيَتِــي بِيَدِكَ، مَــاضٍ فِيَّ حُكْمُــكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْــأَلُكَ بِكُلِّ اسْــمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَــكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِــي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَــهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِــكَ، أَوِ اسْــتَأْثَرْتَ بِهِ فِــي عِلْمِ الْغَيْــبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَــلَ الْقُــرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي، وَنُــورَ بَصَرِي، وَجَلاَءَ حُزْنِــي، وَذَهَابَ هَمِّي».** «ئى اللّٰه! مەن ســېنىڭ بەندەڭ، بەندەڭنى ئوغلى، دېدىكىڭنىڭ ئوغلى بولىمەن. ھەققىمدىكى ھۆكمىڭ ئىجرا بولىدۇ، ھەققىمدە چىقارغان ھۆكمىڭ ئادىلدۇر. ســاڭا خاس بولغان ۋە ســەن ئۆزەڭنــى ئاتىغان ياكى كىتابىڭدا نازىل قىلغان ياكى مەخلۇقاتلىرىڭدىن بىرىگە ئۆگەتكــەن ياكى ئــۆز دەرگاھىڭدىكى

(1) ســەھىھ بۇخــارى، 5986 – ھەدىس. بۇ ھەدىســتە: «پەيغەمبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم بۇ زىكرنى بېشــىغا كۈلپەت چۈشكەندە ئوقۇيتتى» دېيىلگەن.

ئىلمى غەيب خەزىنىسىدە ساقلاپ قالغان بارلىق ئىسمىڭنى شىپىي كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، قۇرئاننى قەلبىمنىڭ باھارى، كۆزۈمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى كەتكۈزگۈچى، غەملىرىنى تۈگەتكۈچى قىلىپ بېرىشىڭنى تىلەيمەن»[1].

**3 – «يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ، بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ».**

«ھەمىشە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى ئى الله! سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئىلتىجا قىلىپ پەرياد ىمغا

(1) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 972 – ھەدىس. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن. بۇ ھەدىستە يەنە: «كىمكى بۇ دۇئانى ئوقۇسا، الله ئۇنىڭ غېمىنى كەتكۈزىدۇ، قايغۇسىنى خۇشاللىققا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ» دېيىلگەن.

دەرمان بولۇشىڭنى تىلەيمەن»[1].

4 – «اللَّهُ اللَّهُ رَبِّي، لاَ أُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا». «ئى الله! پەرۋەردىگارىم ئى الله! مەن ساڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن»[2].

5 – «اللَّهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو، فَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ». «ئى الله! رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى ھېچبىر ۋاقىت ئۆزەمگە تاشلاپ قويمىغىن، ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەڭ تۈزىگىن.

---

(1) مۇستەدرەكى ھاكىم، 1875 – ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابىدا (4791 – ھەدىس) ئۇنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ھەدىستە: «پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىغا بىرەر كۆلپەت ياكى غەم چۈشسە، مۇشۇ دۇئانى ئوقۇيتتى» دېيىلگەن.

(2) سەھىھ ئىبنى ھىببان، 970 – ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابىدا (3388 – ھەدىس) ئۇنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ھەدىستە: «ئۇ كۆلپەت چۈشكەن كىشىنىڭ ئوقۇيدىغان دۇئاسىدۇر» دېيىلگەن.

سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر»[1].

**6 – «لَا إِلَـهَ إِلَّا أَنْـتَ سُـبْحَانَكَ، إِنِّـي كُنْتُ مِـنَ الظَّالِمِينَ»**. «پەرۋەردىگارىم! سـەندىن بۆلـەك ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سـەن جىمـى كەمچىلىكلەردىـن پاكتۇرسـەن، مـەن ھەقىقەتەن ئـۆز نەپسـىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[2].

**7 – «اللَّهُـمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِـنْ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَـالِ»**. «ئى الله! مەن سـاڭا سـېغىنىپ

---

(1) سـەھىھ ئىبنى ھىببـان، 864 – ھەدىس. ئەلبانىنىڭ «سىلسـىلە سـەھىھە» ناملىق كىتابى 2756 – ھەدىسكە قاراڭ. بۇ ھەدىسـتە: پەيغەمبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم ئائىلە ئەزالىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا بۇ دۇئانى ئۆگەتكەن» دېيىلگەن.

(2) مۇسـتەدرەكى ھاكىم، 1862 – ھەدىـس. ئەلبانىنىڭ «سىلسـىلە سـەھىھە» ناملىق كىتابى 1744 – ھەدىسكە قاراڭ. بۇ ھەدىستە: «بىراۋنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە ياكى دۇنيانىڭ بـالا – قازالىرىدىن بىـرەر بالا – قازا كەلگەندە بۇ دۇئانى ئوقۇسـا، ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىلىدۇ» دېيىلگەن.

غەم ۋە قايغۇدىن، ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىق ۋە قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىق ۋە مۇتتەھەملەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**8 – «اللَّهُمَّ اكْفِنِي بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ، وَأَغْنِنِي بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ».** «ئى الله! مېنى ھالال بىلەن كۇپايىلەندۈرۈپ، ھارامدىن ساقلىغىن. ئۆز پەزلى – مەرھەمىتىڭ بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ، سەندىن باشقىلاردىن بىھاجەت قىلغىن»[2].

**9 – «اللَّهُمَّ مَالِكُ الْمُلْكِ، تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ، وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ، وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ، وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ، بِيَدِكَ الْخَيْرُ، إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، رَحْمَانُ الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ، تُعْطِيهُمَا مَنْ تَشَاءُ، وَتَمْنَعُ**

---

(1) سەھىھ بۇخارى، 5109 – ھەدىس.
(2) سۈنەنى تىرمىزى، 5363 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن. بۇ ھەدىستە: «كىمكى قەرزدار بولۇپ قالغاندا مۇشۇ دۇئانى ئوقۇسا، الله ئۇنىڭ ئاشۇ قەرزىنى ئادا قىلىدۇ» دېيىلگەن.

**مِنْهُمَا مَنْ تَشَــاءُ، ارْحَمْنِي رَحْمَةً تُغْنِينِي بِهَا عَنْ رَحْمَةِ مَنْ سِوَاكَ»**. «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئــى اﷲ! خالىغان ئادەمگە پادىشــاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تــارتىپ ئالىســەن، خــالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن، ھەممە ياخشــىلىقنىڭ خەزىنىســى يالغۇز ســېنىڭ قولۇڭدىــدۇر. ســەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ناھايىتى شــەپقەتلىك رەببى ئى اﷲ! سەن خالىغــان كىشــىگــە دۇنيــا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت – ســائادىتىنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىسەن. ماڭا شــۇنداق كاتتا رەھمەت ئاتا قىلغىنكى، ئۇ رەھــمەت مېنــى ســەنــدىــن باشقىلارنىڭ

رەھمىتىدىن بەھرىمەن قىلسۇن»[1].

**10 – «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ الْكَرِيمُ الْحَلِيمُ، سُبْحَانَهُ وَتَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ».** «بىر اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ناھايىتى كەرەملىك، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. ئۇنى بارلىق نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. اللە ئۇلۇغدۇر، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللەقا خاستۇر»[2].

---

(1) تەبەرانى (558 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا (1821 – ھەدىس): ھەسەن، - دېگەن. بۇ ھەدىستە: «كىمكى قەرزدار بولۇپ قالغاندا مۇشۇ دۇئانى ئوقۇسا، اللە ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىدۇ» دېيىلگەن.

(2) مۇسنەدى ئەھمەد، 1 – جىلد، 91 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ دۇئانى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆگىتىپ، بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە ياكى ئېغىر چىلىققا يولۇققاندا ئۇنى ئوقۇشنى تاپىلىغان.

**11 – «اللهُـــمَّ صَـــلِّ وَسَـــلِّمْ وَبَارِكْ عَلَـــى نَبِيِّنَا مُحَمَّـــدٍ صَلَّـــى اللَّـــهُ عَلَيْـــهِ وَسَـــلَّمَ».** «ئى ﷲ! پەيغەمبىرىمىـــز مۇھەممەد ســـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســـەللەمگە رەھمەت، سالام ۋە بەرىكەت يوللىغىن»[1].

* * *

## ئەسلىگىن...

كۆلپـــەت چۈشـــكەندە ئوقۇلىدىغـــان زىكىـــر ۋە دۇئالاردىن ئايرىلىشـــتىن بۇرۇن

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 2457 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇرۇد ھەققىدە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «دۇرۇدنى قانچىلىك كۆپ ئېيتساڭ، سەن ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشى» دېگەن ئىدى، ئۇبەي: دۇرۇدلىرىمنىــڭ ھەممىســـنى ســـاڭا ئاتاپ ئېيتىمـــەن، - دېدى. پەيغەمبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم: «ئۇنداقتا غەمدىن خالاس بولىسەن، گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى.

ياكــى بېشــــڭـغا چۈشــكەن كۆلپەتتىــن قۇتۇلغاندىـــن كېيىــن، قانچىلىــك ئۇلۇغ، مۇكــەممــەل كــەلىمىلــەر بىلــەن اللهقــا پېچىرلىغانلىقىڭنــى ۋە دۇئا قىلغانلىقىڭنى ئەسلىگىن!

* ئــۇ شــۇنداق ئۇلــۇغ دۇئاكــى، الله ئۇنــىڭ بىلــەن غېمىڭنى خۇشــاللىققا ۋە خۇرسەنلىككە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ.

* ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ دۇئاكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بېشىغا كۆلپەت چۈشكەندە ئوقۇغان ئىدى.

* ئۇ شۇنــداق ئۇلۇغ دۇئاكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى غەم – قايغۇ باسقاندا ئوقۇغان ئىدى.

* ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ دۇئاكى، پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى: «بېشىغا كۆلپەت چۈشكەن كىشىنىڭ دۇئاسى» دەپ ئاتىغان ئىدى.

* ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ دۇئاكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىلە ئەزالىرىنى يىغىپ، ئاشۇ دۇئانى ئۆگەتكەن ئىدى.

* ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ دۇئاكى، بېشىغا كۆلپەت چۈشكەن ياكى دۇنيانىڭ بالا – قازالىرىدىن بىرەر بالا – قازاغا يولۇققان چاغدا ئۇنى ئوقۇساڭ، اللّٰه ساڭا ئۇنىڭدىن چىقىش يولى بېرىدۇ.

* ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ دۇئاكى، سەن ئۇنى ئوقۇساڭ، بوينۇڭدا تاغدەك قەرز بولسىمۇ، اللّٰه ئۇنى ئەلۋەتتە ئادا قىلىدۇ.

* ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ دۇئاكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆگەتتى، بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە ۋە بەرەر بالا – قازاغا يولۇققاندا ئوقۇشنى تاپىلىغان.

* ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ دۇرۇدكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە كۆپ دۇرۇد ئېيتىدىغانلىقنى ئېيتقان كىشىگە: «ئۇنداقتا غەمدىن خالاس بولىسەن، گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن.

* * *

# ئەتىگەن – ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

## ئى ساپ يۈرەك ئىگىسى!

## ئەتىگەن – ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارغا ھازىرلانغىن!

زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئەتىگەن – ئاخشاملىق زىكىر ۋە دۇئادىن يۈزنى قورغانغا ئىگە بولالامسەن؟ الله دۈشمەنلىرىدىن قېچىپ، ئۆزىگە ئىلتىجا قىلغان بەندىسىنى ھالاكەتكە تاشلاپ قويۇشتىن پاكتۇر.

بەندىنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەت بۇلا ئەمەس. ئۇ يەنە ئەتىگەن—ئاخشاملىق زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ خاسىيىتى بىلەن مەرتىۋىلىرىنى ،ياخشىلىقلىرىنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

زىكىر ئېيتقۇچى قېرىندىشىم! سەن ئۇنى تىلىڭ بىلەن تەكرارلاشتىن بۇرۇن دىلىڭ بىلەن ئەسلىگىن. چۈنكى ئۇنى تىلى بىلەن تەكرارلايدىغانلار ناھايىتى كۆپ. لېكىن ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن قوغدايدىغان، ئەقلىنى ئۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىغان، ئۇنىڭ ۋاقتى كەلگەندە روھىنى ئۇنىڭ بىلەن تويغۇزىدىغان كىشىلەرنى تىلىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىپ قويىدىغان كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ سانى نېمىدېگەن ئاز — ھە!؟

بۇ ئۇلۇغ كەلىمىلەرنىڭ مەنىلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماستىن، پىكىر يۈرگۈزمەستىن، پەقەت نەزەر سېلىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايە قىلىدىغان ياكى كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ، تىلىنىڭ

ئۆچىدىلا ئېيتىپ قويىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلانغىن.

بۇ ئۇلۇغ كەلىمىلەر بىلەن ئىلتىجا قىلىنىدىغان زاتنىڭ ھەممىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى، ئۆزەڭنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭغا موھتاج ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەستىن، گۇناھلىرىڭنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى، اللەنىڭ رەھمىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپەككۇر قىلماستىن شۇنداقلا ئوقۇپ قويۇشتىن ساقلانغىن.

بۇ ئۇلۇغ كەلىمىلەرنى كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئۈمىد بىلەن قوبۇل قىلغىن، بۇنىڭ ئۈچۈن اللەقا ھەمدۇسانا ئېيتقىن. شۇنداق قىلساڭ، اللەقا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىسەن.

# ئەتىگەن – ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

1 – أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ: ﴿اللَّهُ لَا
إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لَا تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلَا نَوْمٌ لَهُ مَا فِي
السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا
بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ
مِنْ عِلْمِهِ إِلَّا بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ
وَلَا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾قوغلاندى
شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ
پاناھ تىلەيمەن: ﴿بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ
ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر،
ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ
مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛
ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە

اللهنىڭ (مۈلكى) دۇر؛ اللهنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللهنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللهنىڭ مەلۇماتىدىن (الله) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللهنىڭ كۇرسىسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر﴾[1].

(1) سۈرە بەقەرە، 255 – ئايەت. تەبەرانى (541 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى سەھىھ، ـ دېگەن. ئۇنىڭ «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابى 662 – ھەدىسكە قاراڭ. بۇ ئايەت ھەققىدە: «كىمكى بۇ ئايەتنى ئوقۇسا، شەيتاندىن قوغدىلىدۇ» دېيىلگەن.

2 – بســـم الله الرحمن الرحيم: ﴿قُــلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ (1) اللَّــهُ الصَّمَدُ (2) لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ (3) وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ (4)﴾ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: ﴿(ئى مۇھەممـــەد!) ئېيتقىنكـــى، ئۇ ـ الله بـــىردۇر [1]. ھەممە اللهقـا موھتاجدۇر [2]. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس [3]. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ [4]﴾[1]. (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

3 – بســـم الله الرحمن الرحيم: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ (1) مِنْ شَـــرِّ مَا خَلَقَ (2) وَمِنْ شَـــرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ (3) وَمِنْ شَـــرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ (4) وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ (5)﴾ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە

(1) سۈرە ئىخلاس، 1 – ئايەتتىن 4 – ئايەتكىچە. سۈنەنى تىرمىـــزى، 3575 – ھەدىـــس. ئەلبانى: ھەســـەن، - دېگەن. بۇ ســۈرە ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى بۇ سۈرىلەرنى (يەنى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس ســۈرىلىرىنى) ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇسا، ھەر نەرسىدىن كۇپايە قىلىدۇ».

مېھرىبان اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: ﴿مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (الله) غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، ـ دېگىن [1ـ5]﴾[1]. (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

**4 – بسم الله الرحمن الرحيم: ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ (1) مَلِكِ النَّاسِ (2) إِلَهِ النَّاسِ (3) مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ (4) الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ (5) مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ (6)﴾** ناھايىتى شەپقەتلىك

(1) سۈرە فەلەق، 1 – ئايەتتىن 5 – ئايەتكىچە. سۈنەنى تىرمىزى، 3575 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، ـ دېگەن. بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى بۇ سۈرىلەرنى (يەنى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى) ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇسا، ھەر نەرسىدىن كۇپايە قىلىدۇ».

ۋە مېھرىبان اللّٰهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: ﴿ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (اللّٰه) غا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن، - دېگىن [1ـ6]﴾[1]. (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

**5 – «لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللَّـهُ، وَحْدَهُ لاَ شَـرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْـكُ، وَلَـهُ الْحَمْدُ، يُحْيِي وَيُمِيـتُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ».** «ياللغۇز اللّٰهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاس. ئۇ

(1) سۈرە ناس، 1 – ئايەتتىن 6 – ئايەتكىچە. سۈنەنى تىرمىزى، 3575 – ھەدىس. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن. بۇ سۈرە ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى بۇ سۈرىلەرنى (يەنى ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى) ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇسا، ھەر نەرسىدىن كۇپايە قىلىدۇ».

ئۆلتۈرىـــدۇ ۋە تىرىلدۈرىـــدۇ. ئـــۇ ھەممـــە نەرسىگە قادىردۇر»[1]. (ئون قېتىم ئوقۇيدۇ)

6 – «حَسْــبِيَ اللَّهُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ، عَلَيْهِ تَوكَّلْتُ، وَهُــوَ رَبُّ الْعَــرْشِ الْعَظِيــمِ». «مــاشائاللە كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەن ئۇنىڭغا تەۋەككــۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشــنىڭ ئىگىســـىدۇر»[2]. (يەتتە قېتىم ئوقۇيدۇ)

7 – «بِسْــمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْــمِهِ شَيْءٌ فِي الأَرْضِ وَلا فِي السَّــمَاءِ، وَهُوَ السَّــمِيعُ الْعَلِيمُ». «اللەنىــڭ ئىســـمى بىلەن باشــلايمەنكى،

---

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 5 – جىلد، 420 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەســەن، - دېگەن. بۇ ھەدىستە: «كىمكى بۇ زىكىرنى ئوقۇســا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قورالغا ئايلىنىدۇ (يەنى ئۇنى پەرىشتىلەر قوغدايدۇ)» دېيىلگەن.

(2) ئىبنى ســىننى رىۋايەت قىلغــان. «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابنى تەكشــۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر بــۇ كىتابنىڭ 2 – جىلد، 376 – بېتىدە ئۇنىڭ سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن نە زېمىندا، نە ئاسماندا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1]. (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

**8 – «أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ»**. «اللهنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2]. (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

**9 – «رَضِينَا بِاللَّهِ رَبًّا، وَبِالإِسْلامِ دِينًا، وَبِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيًّا»**. «پەرۋەردىگارىمىزنىڭ الله ئىكەنلىكىگە، دىنىمىزنىڭ ئىسلام بولغانلىقىغا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەممەد

(1) سۈنەنى تىرمىزى، 3388 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.
(2) مۇسنەدى ئەھمەد، 2 – جىلد، 290 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: سەھىھ، - دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇق»[1]. (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

**10 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَصْبَحْتُ أُشْهِدُكَ، وَأُشْهِدُ حَمَلَةَ عَرْشِكَ، وَمَلَائِكَتَكَ، وَجَمِيعَ خَلْقِكَ، أَنَّكَ أَنْتَ اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، وَحْدَكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ»**. «ئى ﷲ! مەن سېنى، ئەرشىڭنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنى، بارلىق پەرىشتىلىرىڭنى ۋە جىمى مەخلۇقاتلىرىڭنى سېنىڭ ﷲ ئىكەنلىكىڭگە، سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، سېنىڭ يەككە – يېگانە ئىكەنلىكىڭگە، ھېچ شېرىكىڭنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى

(1) تەبەرانى (838 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىنىڭ «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابى، 2686 – ھەدىسكە قاراڭ. بۇ ھەدىستە: «كىمكى بۇ زىكىرنى ئېيتسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوقۇم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ» دېيىلگەن.

ۋەسەللەمنىڭ سىنىڭ بەندەڭ ۋە ئەلچىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ قىلغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇم[1]»[2]. (تۆت قېتىم ئوقۇيدۇ)

**11 – «أُثْنِي عَلَيْكَ حَمْدًا، وَأَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ».** «ئى ﷲ! مەن سېنى جىمى ھەمدۇسانالار بىلەن مەدھىيلەيمەن ۋە بىر ﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن»[3]. (ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

---

(1) ئەتىگەنلىسى ئوقۇغان «**أَصْبَحَ**، **أَصْبَحْتُ**، **أَصْبَحْنَا** (تاڭ ئاتتى، تاڭ ئاتقۇزدۇم، تاڭ ئاتقۇزدۇق)» كەلىمىلىرىنى كەچقۇرۇنلۇقى «**أَمْسَى**، **أَمْسَيْتُ**، **أَمْسَيْنَا** (كەچ بولدى، كەچ قىلدىم، كەچ قىلدۇق)» كەلىمىلىرىگە ئۆزگەرتىپ ئوقۇيمىز.

(2) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5069 – ھەدىس. ئىبنى ھەجەر ۋە ئىبنى قەييۇم: ھەسەن، - دېگەن. «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەرمۇ بۇ كىتابنىڭ 2 – جىلد، 373 – بېتىدە ئۇنىڭ ھەسەن ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ھەدىستە: «كىمكى ئۇنى تۆت قېتىم ئېيتسا، ﷲ ئۇنى دوزاختىن ئازات قىلىدۇ» دېيىلگەن.

(3) سۈنەنى نەسائى، 571 – ھەدىس. ئەلۋادىئى: سەھىھ، - دېگەن.

**12 – «أَصْبَحْنَا عَلَى فِطْرَةِ الإِسْلاَمِ، وَعَلَى كَلِمَةِ الإِخْلاَصِ، وَعَلَى دِينِ نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَعَلَى مِلَّةِ أَبِينَا إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا مُسْلِمًا، وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ».** «بىز ئىسلام دىنى، ئىخلاس كەلىمىسى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە بوۋىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، اللهقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى»[1].

**13 – «أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّه، وَالْحَمْدُ لِلَّه، لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذَا الْيَوْمِ، وَخَيْرَ مَا بَعْدَهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي**

(1) مۇسنەدى ئەھمەد، 3 – جىلد، 407 – بەت. شۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، - دېگەن.

هَذَا الْيَوْمِ، وَشَــرِّ مَا بَعْدَهُ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ الْكَسَلِ، وَسُوءِ الْكِبَرِ، رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النَّارِ، وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ». «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشــاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇســانا اللهقا خاس ھالدا تاڭ ئاتتى. بىر اللهتىن باشــقا ھېــچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە – يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شــېرىكى يــوق. پادىشــاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇســانا ئۇنىڭغا خاســتۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. پەرۋەردىگارىــم! مەن ســەندىن بۇگۈن[1]نىڭ ياخشــىلىقنى ۋە بۇگــۈندىــن كــېيىنكــى كــۈنلەرنىڭ يــاخشــىلىقنــى ســورايمــەن. ساڭــا سېغىنىپ، بۇگۈننىڭ يــامانلىــقىدىن ۋە بۇگــۈندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ يامانلىقىدىن

(1) ئەتىگەنلىســى ئوقۇغــان «هَــذَا الْيَــوْمِ (بۇگۈن)» كەلىمىسىنى «هَذِهِ اللَّيْلَةِ (بۇ ئاخشام)» كەلىمىسىگە، «بَعْــدَهُ (بۇگۈندىن كېيىنكى)» كەلىمســىنى «بَعْدَهَا (بۇ ئاخشــامدىن كېيىنكى)» كەلىمىسىگە ئۆزگەرتىپ ئوقۇيمىز.

پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ، ھورۇنلۇقتىن ۋە بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ، دوزاختىكى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**14 – «أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ هَذَا الْيَوْمِ، فَتْحَهُ، وَنَصْرَهُ، وَنُورَهُ، وَبَرَكَتَهُ، وَهُدَاهُ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِيهِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهُ».** «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق ۋە پادىشاھلىق ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰەقا خاس ھالدا تاڭ ئاتتى. ئى اللّٰە! مەن سەندىن بۈگۈننىڭ ياخشىلىقىنى؛ ئۇنىڭ غەلىبىسىنى، نۇسرىتىنى، نۇرىنى، بەرىكىتىنى ۋە ھىدايىتىنى سورايمەن. ساڭا سېغىنىپ، بۈگۈننىڭ يامانلىقىدىن ۋە بۈگۈندىن كېيىنكى

---

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2723 – ھەدىس.

كۆنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**15 – «اللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا، وَبِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ نَحْيَا، وَبِكَ نَمُوتُ، وَإِلَيْكَ النُّشُورُ».** «ئى اللە! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كەچ قىلىمىز، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ياشايمىز، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۆلىمىز.ئاخىرى بارار جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر»[2].

---

(1) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5084 – ھەدىس. ئىبنى قەييۇم: ھەسەن، - دېگەن. «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەرمۇ ئۇنىڭ ھەسەن ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

(2) بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىك كىتابىدا (1199 – ھەدىس) رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن. بۇ دۇئانى كەچقۇرۇنلۇقى ئوقۇغاندا مۇنداق ئۆزگەرتىپ ئوقۇش كېرەك: **«اللَّهُمَّ بِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ أَصْبَحْنَا، وَبِكَ نَحْيَا، وَبِكَ نَمُوتُ، وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ** (ئى اللە! سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن كەچ قىلدۇق، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇزىمىز، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ياشايمىز، سېنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۆلىمىز. ئاخىرى قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر)».

**16 – «اللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي مِنْ نِعْمَة، أَوْ بِأَحَد مِنْ خَلْقكَ، فَمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَــرِيكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ، وَلَكَ الشُّــكْرُ».** «ئى اللہ! مەن ياكى ســېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭدىــن بىــرى نائىــل بولۇپ تاڭ ئاتقۇزغان نازۇنېمەت پەقەتلا ســېنىڭ پەزلىڭدىندۇر، سەن (ئۇ نېمەتنى بېرىشتە) يەككــە – يېگانىســەن، ھېچ شــېرىكىڭ يوقتۇر. جىمى ھەمدۇسانا ساڭىلا خاستۇر. ساڭىلا شۈكۈر قىلىمىز»[1].

**17 – «يَــا حَيُّ يَا قَيُّــومُ، بِرَحْمَتِكَ أَسْــتَغِيثُ، أَصْلِحْ لِي شَــأْنِي كُلَّــهُ، وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِــي طَرْفَةَ عَيْنٍ».** «ھەمىشــە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە

(1) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5073 – ھەدىس. ئىبنى ھەجەر ۋە ئىبنى قەييۇم: ھەســەن، - دېگەن. «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابنى تەكشــۈرۈپ بېكىتكۈچىلەرمــۇ بــۇ كىتابنىــڭ 2 – جىلد، 373 – بېتىدە ئۇنىڭ ھەســەن ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ھەدىســتە: «كىمكى ئاشۇنداق دېسە، كۈنىنىڭ ياكى ئاخشىمىنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ» دېيىلگەن.

قىلغۇچــى ئــى ﷲ! ســېنىڭ رەھمىتىڭگە ئىلتىجــا قىلــىپ، پەريادىمغــا دەرمــان بولۇشــىڭنى تىلەيمــەن. ئىشــلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەڭ تۈزىگىن. مېنى ھېچبىر ۋاقىت ئۆزەمگە تاشلاپ قويمىغىن»[1].

18 – «اللَّهُــمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِــي، اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَــمْعِي، اللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، اللَّهُــمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ وَالْفَقْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ». «ئى ﷲ! تېنىمنى ســالامەت قىلغىــن. ئــى ﷲ! قۇلىقىمنــى سالامەت قىلغىن. ئى ﷲ! كۆزۈمنى سالامەت قىلغىن. ســەندىن باشــقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئى ﷲ! مەن ساڭا سېغىنىپ، كۇپۇرلۇقتىن ۋە نامراتلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ، قەبــرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ســەندىن

---

(1) مۇســتەدرەكى ھاكىــم، 2000 – ھەدىــس. ئەلبانىنىڭ «سەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابى، 5820 – ھەدىسكە قاراڭ.

باشــقا ھېچ ئــلاھ يوقتۇر»[1]. (ئــۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

**19 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ، اللَّهُمَّ أَسْأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِي دِينِي وَدُنْيَايَ وَأَهْلِي وَمَالِي، اللَّهُمَّ اسْــتُرْ عَوْرَاتــي، وَآمِنْ رَوْعَاتِي، اللَّهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ، وَمِنْ خَلْفِي، وَعَنْ يَمِينِي، وَعَنْ شِــمَالِي، وَمِنْ فَوْقِي، وَأَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي».** «ئى الله! مەن ســەندىن دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئەپۇ ۋە ئامانلىق تىلەيمەن. ئى الله! مەن ســەندىن دىنىمغا، دۇنيالىقىمغا بــالا – چاقىلىرىمغا، مال – مۈلكۈمگە ئەپۇ ۋە ئامــان ـ ئېســەنلىك تىلەيمەن. ئى الله! مېنىــڭ ئەۋرەتلىرىمنى ياپقىــن، كۆڭلۈمنى قورقۇنچتىــن خاتىرجــەم قىلغىن. ئى الله! مېنى ئالدىمدىن، ئارقامدىن، ئۈستۈمدىن،

(1) مۇســنەدى ئەھمەد، 5 – جىلد، 42 – بەت. شــۇئەيب ئەرنائۇت: ھەسەن، ـ دېگەن.

ئوك ۋە سول تەرىپىمدىن قوغدىغىن. ئى اللە! مەن سىنىڭ بۈيۈكلۈكىڭگە سېغىنىپ، ئاستى تەرىپىمدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ (يەنى يەر يۇتۇپ) ھالاك بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

20 – «اللَّهُمَّ فَاطِرَ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ، عَالِمَ الغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي، وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكِهِ، وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا، أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ». «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئى اللە! سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سەن ھەممە شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھىسەن. مەن ساڭا سېغىنىپ، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن،

(1) سۈنەنى ئىبنى ماجە، 3871 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

شـــەيتانىنىڭ شـــەررىدىن ۋە ئۇنـــىڭ مېنى شـــېرىككە ئېلىـــپ بېرىشـــىدىن، ئۆزەمگە بىرەر يامانلىقنىڭ كېلىشىگە ياكى ئۇنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ بېشـــىغا كېلىشـــىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

**21 – «اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ، وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَـــرِّ مَا صَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِـــي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لَا يَغْفِـــرُ الذُّنُوبَ إِلَّا أَنْتَ».**

«ئى اللە! ســـەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشـــقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنـــى ياراتتىڭ، مەن ســـېنىڭ بەندەڭمەن. مەن ســـاڭا بەرگەن ئەھدەمـــدە ۋە ۋەدەمدە كۈچۈمنىـــڭ يېتىشـــىچە تۇرىمـــەن. مـــەن ســـاڭا ســـېغىنىپ، يامان قىلمىشـــلىرىمدىن

(1) ســـۈنەنى تىرمىزى، 3529 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، گۇناھلىرىمغا ئىقرار بولىمەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ»[1].

**22 – «أَسْتَغْفِرُ اللَّهَ».** «اللهتىن مەغپىرەت تىلەيمەن»[2]. (ئەتىگەنلىكى 100 قېتىم ئوقۇيدۇ)

**23 – «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ، عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ، وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ».** «الله پاكتۇر، مەن ئۇنىڭغا مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە، ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقىچە،

---

(1) سەھىھ بۇخارى، 5947 – ھەدىس. بۇ ھەدىستە: «كىمكى بۇ دۇئانى ئوقۇسا، ئاندىن شۇ كۈنى ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ» دېيىلگەن.

(2) سۈنەنى نەسائى، 441 – ھەدىس. ئەلبانى «سىلسىلە سەھىھە» ناملىق كىتابىدا (1600 – ھەدىس): سەھىھ، - دېگەن.

كەلىمىلىرىنىڭ سانىچە ۋە ئۆزى رازى بولغۇچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن»[1]. (ئەتىگەنلىسى ئۈچ قېتىم ئوقۇيدۇ)

**24 – «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا، وَرِزْقًا طَيِّبًا، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً».** «ئى الله! مەن سەندىن پايدىلىق ئىلىم، پاك رىزىق ۋە قوبۇل بولىدىغان ئەمەل تىلەيمەن»[2]. (ئەتىگەنلىسى ئوقۇيدۇ)

**25 – «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ».** «الله بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇر، جىمى ھەمدۇسانا

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2726 – ھەدىس. بۇ ھەدىستە: «بۇ كەلىمىلەر بىلەن جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ئېيتقان زىكىرلىرى تارازىغا قويۇلسا، ئەلۋەتتە، بۇ كەلىمىلەر ئۇنىڭ زىكىرلىرىنى بېسىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن.
(2) سۈنەنى ئىبنى ماجە، 925 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ئۇنىڭغا خاستۇر»[1]. (100 قېتىم ئوقۇيدۇ)

26 – «سُبْحَانَ اللَّهِ». «الله پاكتۇر». (100 قېتىم ئوقۇيدۇ)

27 – «الحَمْدُ لِلَّهِ». «جىمى ھەمدۇسانا اللهقا خاستۇر». (100 قېتىم ئوقۇيدۇ)

28 – «اللَّهُ أَكْبَرُ». «الله بۈيۈكتۇر». (100 قېتىم ئوقۇيدۇ)

29 – «لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ». «بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە

---

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2692 – ھەدىس. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاشۇنداق زىكىر ئېيتسا، قىيامەت كۈنى ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئەۋزەل زىكىر بىلەن كېلەلمەيدۇ. پەقەت ئاشۇ كەلىمە بىلەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق زىكىر ئېيتقان كىشىلا ئۇنىڭدىن ئەۋزەل زىكىر بىلەن كېلەلەيدۇ».

– يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق. پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[1]. (100 قېتىم ئوقۇيدۇ)

**30 – «لَا إِلَـهَ إِلَّا اللَّـهُ، وَحْدَهُ لَا شَـرِيكَ لَهُ، لَـهُ الْمُلْكُ، وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَـيْءٍ قَدِيرٌ».**

«بىر اللّٰەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە – يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق. پادىشاھلىق ۋە جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە

(1) 26 ـ، 27 ـ، 28 – ۋە 29 – زىكىرنىڭ ئىزاھاتى: سۈنەنى نەسائى، 821 – ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا (658 – ھەدىس) ئۇنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاشۇنداق زىكىر ئېيتسا، 100 تۆگە، مىنىشكە ھازىر 100 ئات ۋە ئازات قىلىنغان 100 قۇلدىن ئەۋزەل نەرسىنى سەدىقە قىلغاندەك بولىدۇ».

قادىردۇر»[1]. (بىر قېتىم ئوقۇيدۇ)

**31 – «اللهُمَّ صَلِّ وَسَلِّمْ عَلَى نَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ».** «ئى الله! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھمەت ۋە سالام يوللىغىن»[2]. (ئون قېتىم ئوقۇيدۇ)

* * *

---

(1) سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد، 5077 – ھەدىس. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

(2) تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سۇيۇتى: ھەسەن، - دېگەن. ئەلبانىمۇ «سەھىھۇلجامىئ» ناملىق كىتابىدا (6357 – ھەدىس) ئۇنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىراق ئۇ «زەئىفۇتتەرغىب» ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ ھەدىستە: «كىمكى مۇشۇنداق دۇرۇد ئېيتسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ» دېيىلگەن.

## ئەسلىگىن...

ئۇلۇغ ئىگىمىز اللهنى زىكىر قىلغۇچىلاردىن بولغان كۆڭىلدىن بەرىكەتلىك بىر كۆڭۈلنى كۆرۈڭىزمۇ؟ ئۆزەڭنى بارلىق يامانلىقلاردىن ۋە بارلىق يامانلىق قىلغۇچىلاردىن بۇ ئىلاھىي قورغان بىلەن قوغدىغان كۆڭلدەك پۇختا قوغدىغان كۆڭۈك بولدىمۇ؟ سەن ناھايىتى ئەۋزەل، ناھايىتى ساۋابلىق كەلىمىلەر بىلەن زىكىر ئىبىتقانلىقىڭنى ۋە دۇئا قىلغانلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماي، مۇنۇلارنى ئەسلىگىن!

* سەن بۇ كۆڭلدە ئۆزەڭنى شەيتاندىن قوغدىدىڭ. شۇڭا ساڭا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

بارلىق نەرسىلەردىن كۆپايە قىلىندىڭ.

* اللہ ساڭا قوراللىق پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلدى، ئۇلار سېنى سەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان بارلىق ئەزىيەتلەردىن قوغدايدۇ.

* پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنىڭ قولۇڭدىن تۇتۇپ، جەننەتكە ئېلىپ كىرىشكە كېپىل بولىدۇ.

* اللہ سېنى دوزاختىن ئازات قىلىدۇ.

* سەن كېچە – كۈندۈزۈڭنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلغان بولىسەن.

* سەن شۇنداق كاتتا ئىستىغپار بىلەن ئىستىغپار ئېيتتىڭكى، ناۋادا شۇ كۈندە ياكى شۇ كېچىدە ئۆلۈپ كەتسەڭ، جەننەتكە كىرىسەن.

* سەن ئۆلۈغ ئىگىمىز اللہنى شۇنداق

كاتتا كەلىمىلەر بىلەن ئەسلىدىڭكى، بۇ كەلىمىلەر تارازىنى ئەجىر ۋە ساۋابقا تولدۇرىۋېتىدۇ.

* سەن شۇنداق ئۇلۇغ كەلىمىلەر بىلەن تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتتىڭكى، قىيامەت كۈنى ھېچكىم سېنىڭدىن ئەۋزەل ساۋاب بىلەن كېلەلمەيدۇ. پەقەت سان ۋە تەپەككۇر جەھەتتە سېنىڭدەك كۆپ ياكى سېنىڭدىنمۇ كۆپ تەسبىھ ۋە ھەمدۇسانا ئېيتقان كىشىلا ئەنە شۇنداق ساۋاب ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساۋاب بىلەن كېلەلەيدۇ.

* گوياكى سەن پەقەت مۇشۇ بىرقانچە كەلىمە بىلەن 100 تۆگە، مىنىشكە ھازىر 100 ئات ۋە ئازات قىلىنغان 100 قۇلدىن ئەۋزەل نەرسىنى سەدىقە قىلغاندەك بولدۇڭ. مانا بۇ، ﷲنىڭ ساڭا بەرگەن پەزلى ۋە نېمىتىدۇر.

* قىيامەت كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولسەن.

بۇ كاتتا ئىلتىپاتلار ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ ۋەدىسىدۇر. قىلغان ۋەدىسىگە اللهتىنمۇ بەكرەك ۋاپا قىلىدىغان بىرى بارمۇ؟!

وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاستۇر!